


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



3

1992



قوزام

ئەرشىددىن توختى فوتوسى



مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى ۋە مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا نۇرغۇن ئىجادىيەت خادىملىرى بار. ئۇلار ھەم ئىجادىيەتچى ھەم ئاممىۋى خاراكتېردىكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىكى يادرو ۋە ۋاسىتە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ئىدىيە، كەسىپ، تۇرمۇش ۋە كەسپىي ئۇنۋان تەمىناتى جەھەتتە ئۇلارغا تېگىشلىك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت خادىملىرى — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ، ئۇلار ئاممىا ئارىسىدا، ئوتتەك قىزغىن كۆرەش ئىچىدە ياشىغاچقا، ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى ئەدىب - سەنئەتكارلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، ئاممىا ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈچلۈك ئىجادىيەت كۈچىنى نامايان قىلدى. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت خادىملىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى يۆلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۇلارنى ھەر دەرىجىلىك كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا پىلانلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە پىكىر قىلىش سەۋىيىسىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەلۇماتىنى ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىككىنچىدىن، ئىشەنچلىك ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجادىيەت تەييارلىقى بولغان ئەھۋالدا، ئۇلارغا ئىجادىيەت ۋاقتى بېرىپ، ئۇلارنى ۋاقىت جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىگە، سەنئەت ئىستىلىغا ۋە ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەلەپ قويۇش لازىم.

(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»دىن ئېلىندى)



شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
41 - يىل نەشرى 1992 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 196 - سان)

# بوستاندا

## مەخسۇس ماقالە

ئىدىيىمىزنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتايلى ........ مۇھەممەت زۇنۇن 3

## ئەدەبىيات گۈلزارى

يېڭىلانغان ھاۋا ........(ھېكايە)........ سەبرى 15

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

سەنئەت مەركىزى، ئىتتىپاقلىق ئابىدىسى ........ جۈرئەت كامىل 41

## سىگنال

ئىس - تۈتەك ئىچىدىكى كىشىلەر ........(ئەدەبىي ئاخبارات)........ دىلدار ئەزىزى 46

## سەنئەت دۇنياسىدا

كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا ........ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 59

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

ھېكمەتلەر ۋە نەسىھەتلەر........نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر 77

## ئاممىۋى مەدەنىيەت سېپىدە

مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى........(خەۋەر)........ئامىنە ئابدۇرېشىت، نەبى ئەيسا 79

مۇقاۋىدا: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن: يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىرى (1912 - 1989) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمەت ئابلىز، ئىسمايىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت (بوستاننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)

# ئەدىبىي داۋىل ئازات قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى





مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدە-
نىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگورۇپپىسى-
نىڭ شۇجىسى)

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت
خادىملىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، ئەدەبىيات -
سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە بارچە
گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار
بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات-
سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە،
تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ
ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىر-
لىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنى-
يەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ،
ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇس-
سۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈر-
لۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايون-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە
شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مە-
نىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ،

خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئەمما، نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋە يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنىدا بىر مۇنچە يېڭى مەسىلىگە، يېڭى زىددىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بەدىئىي ئۇسلۇبىنى يېڭى دەۋرگە، ئاممىغا قانداق ياقتۇرۇش مەسىلىسى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىپ، كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى، سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقماقتا.

دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىي باسقۇچتا — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارارى»نى چىقاردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر مىللەت ئاممىسى ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشتا بۆرۈلۈش ياساپ، ھەرىكەت جەھەتتە چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يېڭى پەللىگە يۈكسەلدۈرۈشتەك قاينام - تاشقىنلىق ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە.

«ھەممە ساھەلەر رىقابەتلىشىۋاتقان» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ تاللايدىغان بىردىنبىر يولى — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك، كونا كۆز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، «سول» چىللىقنىڭ ياكى «ئوڭچىل»لىقنىڭ بولۇپمۇ «سول»چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ، ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، باتۇرانە ئىزدىنىپ، دادىل سىناق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

## 1. نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرىسىدا

يولداش جياڭزېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تەلەپى بويىچە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ، نۇرغۇن رەڭگارەڭ، سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قارىتا كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش — ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى. نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئېڭىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ يۈرەكلىك ئىشلەش، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇشۇ مەركەزنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر. جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگونى سوتسىيالىزملا تەرەققىي تاپقۇزالايدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ھوشيار بولۇش لازىم. ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭىيىۋاتقان شارائىتتا، باشقا سەپلەرگە ئوخشاش ئىدىيە-

مەدەنىيەت سېپىدە ئۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. شۇڭا مەدەنىيەت-سەنئەت سېپىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا ئۇزاققىچە، چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى ئۇزاققىچە ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۈچەيتىش لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەتتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسلى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش لازىم. مەدەنىيەت بازىلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىلىرىنى مۇستەھكەملەش لازىم.

## 2. نۆۋەتتىكى ئاساسىي نىشان

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىش؛ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش؛ «مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش» ۋە «كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق مەدەنىيەتكە ياردەم بېرىش»نى كەڭ يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش؛ ھەر قايسى ئىدارە، ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقىندا: «بىر ئاز بۆسۈش روھى بولمىسا، بىر ئازمۇ تەۋەككۈل قىلىش روھى بولمىسا، غەيرەت - جاسارەت بولمىسا، ياخشى يول تاپقىلى، يېڭى يول تاپقىلى بولمايدۇ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھاتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ۋە كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، دادىللىق

بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىپ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئەلا نەتىجىلەردە بىز بىلەن پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

## 3. مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش لازىم

(1) سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۇتۇپخانا، كىنو، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئىشنى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دېموكراتىك ئاساستا سايلاش، بىۋاسىتە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش، بەلگىلەش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئۈستۈرۈشكىمۇ بولۇش، چۈشۈرۈشكىمۇ بولۇش، كىرگۈزۈشكىمۇ بولۇش، چىقىرىشقىمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئىختىساس ئىگىسى قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە تۆھپىسى بولغانلارنى دادىل تۈردە رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە دادىللىق بىلەن ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا ۋاقتىدا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىيانەتچىلىك قىلغان، پارا ئالغان چىرىك ئۇنسۇرلارنى قەتئىي جازالاش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تاقارىشىپ تۇرۇۋېلىپ ئىجرا قىلماي ياكى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدىغان، ئىچكى چۇۋۇقچىلىقى ئېغىر، ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ، بيۇروكرات، كونا چىڭگىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالغان، ئىقتىدارسىز رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى قەتئىي تەرتىپكە سېلىش ۋە تەڭشەش، لاياقەتسىز كادىرلارنى خىزمىتىدىن قەتئىي ئېلىۋېتىش ياكى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. نۆۋەتتە بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە راستچىل بولۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ئورگان، ئىدارىلەردە ساقلانغان ئىش ئاز، ئادەم كۆپ بولۇش، ئىستىل توغرا بولماسلىق، ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئۇنۇم تۆۋەن بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر تۆرىچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، بەش خىل كېسەلنى، يەنى غۇدۇڭشىش كېسىلى، باش اتارتىش كېسىلى، قۇرۇق تالاش - تارتىش كېسىلى، ئىقتىدارلىقلارنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى، قانات ئاستىغا ئېلىش كېسىلىنى ساقايتىش، يەنە ئۈچ خىل ئادەمنى، يەنى ئۆزى ئىشلىمەي

تۇرۇپ خەقنى غاجايدىغان «گەپدان»لارنى، ئاتىكاچىلىق قىلىدىغان «تاماشاكۆرگۈچى»لەرنى، جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرىدىغان «سىياسەتۋاز»لارنى تەربىيىلەش كېرەك.

(2) مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى جۈملىدىن كەسپىي، تېخنىكا خىزمەتلىرىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان رەھبىرىي كادىرلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمىنى، رىقابەت مېخانىزمىنى پائال، سالماق هالدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. پەقەت رىقابەت بولغاندىلا ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، پەقەت رىقابەت بولغاندىلا ئاندىن قاتمال تۈزۈلمە ئىچىدە هايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەردە ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئادەتكە بويسۇنۇش هالىتىنى بۇزۇشقا بولىدىغانلىقىنى، پەقەت رىقابەت بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەمەلىيەتتە تولۇق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى، ئۆز تەقدىرىنى ئوڭشىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

«تۆمۈر تاۋاق» تۈزۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنىۋى ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىچكى مېخانىزمىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماهىيەتلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىردى؛ كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان، تەقسىماتنىڭ تەڭ - باراۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغان قىلىپ قويدى - دە، نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىزلاپ كېتىدى. كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچى قېتىپ قالدى. قاتمال تۈزۈلمىنى مۇستەهكەملەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى جاهىل توسالغۇ بولۇپ قالدى. شۇڭا سەنئەت ئۆمەكلىرى خادىملارنىڭ هەممىسىنى تەكلىپ بىلەن خىزمەتكە قويۇش تۈزۈمىنى پۈختا هالدا يولغا قويۇپ، سەنئەت تۈزۈلمىسىدە هۆكۈم سۈرۈۋاتقان «تۆمۈر تاۋاق»، «تۆمۈر ئورۇندۇق»، «تۆمۈر ئىش هەققى» ۋە «داشقازان تامىقى»دىن ئىبارەت كونا مېخانىزمنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، ئىچكى قىسىمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەھنىگە چىقىدىغانلار بىلەن چىقمايدىغانلار ئوخشاش بولۇش، ئىشقا كېلىدىغانلار بىلەن كەلمەيدىغانلار ئوخشاش بولۇش، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش بولۇشتەك تولىمۇ نامۇۋاپىق زىددىيەتنى تۈپتىن هەل قىلىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، مائاشنىڭ دەرىجە پەرقىنى چوڭايتىش ۋە مۇكاپات پۇلى بېرىشتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى «داشقازان»نى ئۇزۇل - كېسىل چېقىپ تاشلاش لازىم. باشقا مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(3) ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق هالدا يۈرۈشۈپ تۇرۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش لازىم. سەنئەت ئۆمەكلىرى خادىملارنى مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي مائاش مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تەكلىپ قىلىنمىغان خادىملارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىپ يۈرۈشىگە، خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىپ مائاشىنى توختىتىشىغا ياكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشىگە رۇخسەت قىلىش كېرەك. كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كەسپىي ئارتۇقچىلىقى بار خادىملارنى يېتەكچىلىك، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا

ياكى كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى خىل ئىگىلىك، كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ھەر قايسى ئورۇنلار يولنى كەڭ ئېچىپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەكلىپ قىلىنماي قالغان، تەكلىپ بىكار قىلىنغان ۋە ئارتۇقچە خادىملارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

(4) قاتتىق ئىمتىھان ئېلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تەكشۈرۈش بىلەن تەقدىرلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇكاپات پۇلىنىڭ دەرىجە پەرقىنى چوڭايتىش، ياخشى ئىشلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، ھورۇنلۇق قىلغانلارنى جازالاش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىشى كېرەك. خىزمەت پوزىتسىيىسى ناچار، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز چىققانلارنىڭ مۇكاپات پۇلىنى، مائاشىنى تۇتۇپ قالماي، بەلكى مەسىلىسى ئېغىرلارنى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاز ساندىكى، خىزمەتكە ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغان، ئورۇنسىز جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ، نورمال خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن ۋە كاشىلا سالغانلار قايتا - قايتا تەربىيە بېرىش ئارقىلىقمۇ تۈزەتمىگەن بولسا، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق چارە كۆرۈش، ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدەش كېرەك.

(5) ھوقۇقنى ھەقىقىي تۈردە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، سىياسەت چېكىنى مۇۋاپىق كەڭ قىلىش كېرەك. بىز تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشتىكى خىزمەتكە بەلگىلەش، خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى، ئىدارىدىكى خادىملارنى تەكشۈرۈش، سەپلەش، ئۇنۋان باھالاپ تەكلىپ قىلىش ھوقۇقىنى ھەم ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش، توختام تۈزۈمىدىكى خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، كارخانىلارنىڭ تىجارەت، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتلىرىدىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىغىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم.

مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھات مۇساپىمىزغا نەزەر سالساق، بىز ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا سىناق تەرىقىسىدە ئۆمەك باشلىقلىرىنى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ، قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدۇق. ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ، مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمما ساقلانغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە — قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىدا. بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش دېگەن ئىدىيە بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغانلىقىدا. مۇھىمى «سول»چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا. بۇ ئىدىيىۋى توسالغۇلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە زىت كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتتىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاسانلا ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

ھازىر سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. بۇ يىلدىن باشلاپ مائاشتىن باشقا، مۇكاپاتنى دۆلەت ئۈز ئۈستىگە ئالمايدۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى — ئىسلاھاتتا! ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلىشى، رەھىمسىز رېئاللىققا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلىپ، «كۆتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، دۆلەتكە قول سۇنۇش»تەك بارلىق خام - خىياللارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پائال ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا يول ئېچىپ، كۆزى يەتكەن ئىشلارنى دادىل سىناق قىلىشى، دادىل بۆسۈش كېرەك. ئويۇن قويۇشتا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ بازار مېخانىزمىغا ئۆتۈشكە، رىقابەت داۋامىدا چىقىش يولى تېپىش، تەرەققىي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى جەھەتتە، شەكىلۋازلىق قىلىپ، ھە - ھۇ بىلەن ھەممەيلەن تەڭ قوزغىلىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ يېنىكلىك بىلەنلا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. دادىل ئىسلاھ قىلىشتىمۇ سىياسەت ئۆتكىلىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ستراتېگىيىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىپ، تەدرىجىي كېڭەيتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، چوڭ داۋالغۇش، پەسىيىش ۋە ئېغىشلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىشىمىز، يۈرەكلىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، سالماقلىق بىلەن تەدرىجىي كېڭەيتىشىمىز، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى بويىچە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى پىرىنسىپ جەھەتتە ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا سىياسەت جەھەتتە تېگىشلىك يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. كەڭ كۆلەمدە قىرقىپ تاشلاشقا، بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

## 4. نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتە «بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنى نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى توغرا تەدبىر سۈپىتىدە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئىستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم.

شىنجاڭ ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» ئۇزۇن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مول سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە. بىزنىڭ نىشانىمىز — شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، ئالدى بىلەن ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بوسۇش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش؛ دۆلەت ئىچى - سىرتىدا تەسىرى كۈچكە ئىگە، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈش؛ ئەدەبىيات - سەنئەتتە خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمە، مول، ساغلام بولغان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆپ خىللىقىنىمۇ تەكىتلەش؛ ھەم مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ھەم چەتئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىش؛ سەنئەتنىڭ تۈرى، ئۇسلۇبىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىيەتلىكنى تەكىتلەپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئۇسلۇبىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش؛ شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل سەنئەت خىللىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان سەنئەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ مىللەتنىڭ سەنئىتى ئورتاق گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى يارىتىش كېرەك.

(1) ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، بازارغا يۈزلەنگەن ئويۇن قويۇشنى جانلاندۇرۇشتا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇش، ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى پىلانى ھەم ئويۇن قويۇشنىڭ كونكرېت يولغا قويۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى بىر تۈركۈم سۈپىتى يۇقىرى ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(2) ئاپتونوم رايوندا سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ، نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىجادىيەت فوندى تەسىس قىلىشى كېرەك. سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

(3) كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلارنى — مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، كومپوزىتورلار، ئارتىسلارنى بايقاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەر سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەنئەت شۆيۈەن، مەكتەپلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپلەرنى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتىنى تەڭشەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر يىلى بىر تۈركۈم تەربىيىلەش ئىستىقبالىغا ئىگە، ئۈمىدلىك ياش سەنئەت خادىملىرىنى مەركەز ۋە ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق سەنئەت شۆيۈەن، مەكتەپلىرىدە ياكى چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش لازىم. ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت شارائىتى يارىتىپ بېرىش، مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش لازىم.

(4) كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، سەھنە ئەسەرى يازغۇچىلار، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلارنى رېئال تۇرمۇشقا — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشكە، ئامما ئارىسىغا بېرىشقا، خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادا، ھالاۋەتتە بىرگە بولۇش، دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ماسلىشىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇشقا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەش ۋە بۇنى ئىجادىيەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللاش، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىش، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش لازىم. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان خادىملارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

(5) چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پايدىلىق

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئاس-
تىدا، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇشنى كېڭەيتىشىمىز، ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر
بىلەن بولغان مەدەنىيەت - سەنئەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا زىيارەت ئويۇنى
قويۇش، كۆرگەزمە قىلىش، سەنئەت تەتقىقاتى، كۆرۈش - تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش
قاتارلىق ساھەلەردە ئۇلارغا دوستانە بېرىش - كېلىشلەرنى كۆپەيتىپ، مەدەنىيەتنىڭ
تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادنى ئېچىشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

(6) ھەقلىق مۇلازىمەت ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك پائالىيىتىنى كەڭ يولغا قويۇپ،
مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە يۈكىنى يەڭگىللىتىش لازىم. بۇرۇندىن بېرى
«سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئالاھىدە» دېگەننى باھانە قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئاجرىتىپ
بېرىشىگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئۇسۇل ئەمدى ئاقمايدۇ. رىقابەت
داۋامىدا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ چارە - ئامال تېپىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، كۆپلىگەن
سەنئەت ئۆمەكلىرىدە سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويالمايدىغان خادىملاردىن خېلى بار. ئۇلار -
نىڭ ئىچىدە بىر مۇنچىلىرى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، سەنئەت كەسپىدە تەجرىبىلىك،
تەشكىللەش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، سودا - تىجارەتكە ماھىر ئىختىساس ئىگىلىرى. ئۇلارنىڭ
ئۆزى يول ئېچىپ ئۈچىنچى خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياكى سەنئەت كەسپى بويىچە جەمئىيەتكە
يۈزلىنىپ تۈرلۈك كۇرسلارنى ئېچىشىغا، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا
كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىشىغا يول قويۇش، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ھەر قايسى تارماقلار
نۇقتىئىنەزەرىنى يېڭىلىشى، نوقۇل ھالدىكى مۇلازىمەت رامكىلىرىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ
تاشلاپ، ھەقلىق مۇلازىمەتنى دادىل ھالدا يولغا قويۇشى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا
قاراپ ئىش كۆرۈپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئىختىساس
ئىگىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىشقا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى لازىم.

(7) ھەر قايسى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ئىدىيىنى دادىللىق بىلەن ئازاد
قىلىپ، ئاساسىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، دائىملىق كەسپىي خىزمەتتىكى نورماللىقنى
ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، بىر قىسىم كۈچلەرنى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن
شۇغۇللىنىشقا ئاجرىتىش كېرەك. بېكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، ھەقسىز مۇلازىمەتتىن
ھەقلىق مۇلازىمەتكە ئۆتۈپ، كىرىم يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى
ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ماددىي كاپالەتكە ئىگە
قىلىشى لازىم.


ئىسلاھاتتا ئەزەلدىن تەييار يول، ئەندىزە بولغان ئەمەس. ئىشلىرىمىزنىڭ
تەرەققىياتىغا پايدىلىقلا بولىدىكەن، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، يېڭى چارە -
تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىشىمىز، دادىللىق بىلەن
بۆسۈشىمىز، خىزمەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئەمەلىيەت جەريانىدا تۈزىتىشىمىز،

مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئاممىنىڭ ئارىسىغا بېرىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە چۆكۈشتە. ھازىر ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، تەرەققىي قىلىشنى جىددىي ئارزۇ قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى كۈنسايىن يۇقىرى بولماقتا. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ئالاھىدە ئىلھاملاندۇرىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار بيۇروكراتلىقتىن، شەكىلۋازلىقتىن، يۇقىرىدا لەيلەپ يۈرۈشتىن ساقلىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئامما ياراتقان يېڭى، ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىشى، نەزەر دائىرىسى، پىكىر قىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ۋاقىتقا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ھەقىقىي باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش — تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىدىغان جانلىق كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قايىنام - تاشقىنلىق ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، دەۋر روھىغا ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلايلى!







(ھېكايە)

سەبرى

## 1 ـ باب

يازغۇچى كۆيۈپ كەتتى، شۇڭا ئاداش، يازغۇچى بولماق تەسلىشىپ كەتتى. بىر ھەقىقەتلىكنى ئەمدىلا ئويلاپ يېشۇرۇپ قەلەم ئالاي دېگۈچە ئۇ ۋەقەنى باشقا بىرسىنىڭ ئەسىرىدە كۆرۈپ بولىمەن دېگىنە؛ خىيال بىلەن يازغۇچى بولىدىغان چاغ ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ ... ئاخىر ئايالىمنىڭ تەنىسىگە ئۇچرىدىم. ئۇ ماڭا:

ـ ئۆيدە تۇرۇلۇپ ئولتۇرۇۋالغىچە (ھېلىقى تەيۋەنلىك يازغۇچى لۇيۈۋىندەك① جەمئىيەتكە ئارىلىشىڭ، قىزىق ئىشلار سامانىنىڭ نەرقى. ئابلا ئۇستامنى يېزىڭا، تېخى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئادەم مانا شۇ. ئۇ ئادەم تازا يېڭى قەھرىمان!

ـ قايسى ئابلا ئۇستام؟ ھە، ئاۋۇ مەشچىلىك كارخانىسىنىڭ خوجايىنىما؟ ئۇ ئادەم ئېشەك ھارۋىسىدا يېنىچە يېتىۋېلىپ سەييارە تاماشا قىلىدىغان بىكارچىمۇ؟

ـ سەييارە مال ساتقۇچى ئۇ. يادىڭىزدىمۇ،

① تەيۋەننىڭ «قارشى قىرغاق» داملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى دېمەكچى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى يېڭىدىن باشلانغاندا بىرىنچى بولۇپ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئۇيغۇرچە خېتى بار ئەزناكىنى ئون تىيىندىن سېتىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان ئادەمچۇ؟ ھە، شۇ ئادەم مۇشۇ ئابلا ئۇستام، ئۇتنىڭ ئىچىدە پۇل تاپالىغان ئادەم ئۇ.

— ئۇنىڭ نېمىسىنى يازارمەن، ئۇنداق ساختىپەزلەرنىڭ ئوبرازى ھەر قانداق بىر ژۇرنالنى ۋاراقلىساڭ ئۇنلاپ تېپىلىدۇ. يېڭىچە ۋەقە، ئالاھىدە خاراكتېرى بار ئادەم بولسىدى.

— ئۆزىڭىزنى يېزىڭ ئەمىسە؟

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— تىنچ مۇئەللىمچىلىكىڭىزنى قىلماي پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ يەتتە - سەككىز يىلدىن بۇيان ئىچكىرىگە — چوڭ شەھەرلەرگە چاپتىڭىز. ئەمدى لاتا - پاتىنىڭ بازىرى كاساتلىشىۋېدى، ئۆزىڭىزنى «كەسپىي يازغۇچى» دەۋالدىڭىز، سىزنى ئۆزىڭىزدىن باشقا كىم يازغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. سىز بىر دونكىخوت، سىز بىر ئاكيۇ، ئالاھىدە خاراكتېر دېگەن مانا مۇشۇ.

— ھى - ھى - ھى ... ئۇنداق بولسا مەنمۇ كونىكەنمەن. دونكىخوت بىلەن ئاكيۇنى دۇنيا بىلىدۇ. ئېيتقىنا، ئابلا ئۇستام دېگەننىڭ ئېشەك ھارۋىدا يېنىچە يېتىپ يۈرۈپ قانداقسىغا مال ساتقىدەك؟

— چىلاپچا، چۆگۈن، داس، كاناي، چۆمۈچ، ئەخلەت ئالغۇچ دېگەندەك قەلەيدىن پۈتىدىغان نەرسىلەرنىڭ يېڭى نۇسخىلىرىدىنى ھارۋىسىغا سېلىۋېلىپ ئارقا كوچىلاردا يۈرۈپ ئاياللارغا كۆرسىتىدىكەن. يېڭى نەرسە بولسىلا بىز خوتۇن خەقنىڭ ئالغىمىز كېلىدۇ. بىرىمىز ئالساق ھەممىمىزلا ئالىمىز. شۇڭا، بىز خەي بەسلىشىپلا دۇنيادىن ئۆتىمىز. ئاۋۇ چىلاپچىنىمۇ مەن ئاشۇ قىزىق بازاردا ئالغان. بىر چايدا مۇشۇنداق چىلاپچىدا قولىمىزغا سۇ بېرىدۇيدى، ئەتىسىلا پۈتۈن شەھەردىكى خوتۇنلار چىلاپچا ئىزدەپ كوچىغا چىقىشتۇق. گۈلگە سۇ پۈركۈيدىغان ئاجايىپ چىرايلىق چۆگۈنلىرىچۇ تېخى. مودا قوغلىشىشتىمۇ ھېچكىم ئابلا ئۇستامغا يېتەلمەيدۇ. شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ كاستيۇم - بۇرۇلكا، شىلەپە كىيگەنمۇ، ئۆيىگە ساپا قويغانمۇ، تېخى ۋىلكا - ئارىلار بىلەن تاماق يەپ باققانمۇ ئاشۇ ئادەم.

— ھە، ئەمدى يادىمغا كەلدى. مەن روزى ھېيتتا ئۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ قالغان ئەمەسمىدىم راست. ناۋات سۈيى سېتىۋاتقان ئىكەن، قارىسام ناۋات سۈيى ئەينەك كومزەكنىڭ ئىچىدە بۆزلۈكىدىن يۇقىرىغا ئېقىپ چىقىپ ناۋاتنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىكەن، تىكلەپ قويغان يوغان ناۋاتنى يۇيۇپ چۈشكەن سۇ تۆۋەنگە چۈشىدىكەن، ئۇنى جۈمەكتىن ئېلىپ بىر ئىستاكانىنى ئون تىيىندىن ساتقىلى تۇرۇپتۇ. خەق بۇلاپ - تالاپ ئىچىۋېتىپتۇ. مەنمۇ ئىچىپ باقتىم، ناۋات تەممۇ يوق، خۇدانىڭ سۈيى. شۇنىڭ بىلەن ...

— ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپقۇ ئۇ. ھازىر ئۇ ئادەم قالتىس ئىش قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى يازسىڭىز «روبىنزون كىروزۇ» دەك ئەسەر چىقىدۇ.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، يەنە شۇ ساختىپەزلىكمۇ؟

— بېرىپ كۆرۈپ باقمامسىز، ساختىپەزلەردىن قەھرىمان چىقامدىكەن؟ تېخى بۇرناكۇنلا ئۇ ئادەم ئېشەك ھارۋىسىدا يېنىچە يېتىپ مەشەدىن ئۆتتى. مەزىن ئاخۇنۇم ئابلا ئۇستامغا:

— ھاۋا يېڭىلىغىلى ماڭدىڭمۇ؟ — دەپ

چاقچاق قىلمۇېدى، ئابلا ئۇستام:

— پوشكال يېگىلى ماگغاندىن ياخشىلا — دەپ توۋلىدى.

مەزىن ئاخۇنۇم يەنە:

— ھاۋا دېگەن ساختىپەزلىك قىلغانغا يېگىلىمەيدۇ جۇمۇ! — دېۋىدى، ئۇستام:

— ئەزەن ئېيتىش بىلەن تېخىمۇ يېگىلىمەيدۇ — دە! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

— ھاۋا يېگىلىش دېگىنى نېمىسى؟ قېرىلارنىڭ يوشۇرۇن چاقچىقىمۇ؟

— ياق، تېخى بىلمەيدىكەنسىز-دە. ئابلا ئۇستام بۇلغانغان ھاۋانى يېگىلايمەن دەپ 40—50 مىڭ سوم پۇلىنى خەجلەپ بوپتۇ. شۇڭا چوڭ ئوغلى بىلەن ئارازلىشىپ قاپتۇدەك.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن خوتۇن، ئۇ ئادەم ساقمۇ يا ئېلىشىپ قالغانمۇ؟

— قانداق، قىزىقىمىكەن؟ دېدىمغۇ. لېۋيۋېندەك ئۆيگە قامىلىۋېلىپ يازىۋەرمەي ئابلا ئۇستامنىڭ كەينىگە كىرىڭ، ئۇ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى يېزىۋېرىڭ، مەيلى رومان دەڭ، مەيلى پوۋېست دەڭ، نېمىدەپ يازسىڭىزمۇ چىقىۋېرىدۇ. قاراڭا، نېمىلەرنى يازدىڭىز، ئوقۇپ باقتىم، كۆچۈرمىچىلىككە قارشىمەن دېگىنىڭىز بىلەن يازغانلىرىڭىزدا بىرمۇ يېڭىلىق يوق. ساپلا مەن ئوقۇغان رومانلارنىڭ ۋەقەلىرى، ناھايىتى باشقا مىللەتنى ئۇيغۇر قىپسىز. باشقا شەھەرلەرنى غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر قىلىۋاپسىز. بۇنداق كۆچۈرمىچى يازغۇچىلار ئازمىدى، ئۇلارنى كۆپەيتىپ نېمە قىلىسىز؟

ئايالىمنىڭ سۆزىنى ئاجايىپ ئاڭلايمەن-دە، ئۇ ئالتە باللىمنى رومان ئوقۇپ يۇرۇپ چوڭ قىلغان. 10 - سىنىپنى تۈگىتىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغىنى بولمىسا جەمئىيەتتىكى كادىر، مۇئەللىم ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىدىن كەم ئەمەس. ئۆيگە كىرسىڭىز شۇڭلا بىزنىڭ كىتابخانىمىز مېھمانخانىمىزدىن چوڭ، گۈش-ياغ، سەي - كۆكتاتقا قارىغاندا، كىتابقا جىقراق پۇل خەجلەيمىز. ئالتە قىزىمنىڭ ھەممىسىلا ئەدەبىيات ھەۋەسكارى. ئايال بىلەن ئىككىمىزنىڭ مەستانىسى. مەن يازغۇچى بولۇش ئۈچۈنلا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ مۇشۇ ئايالىم بىلەن توي قىلغانمەن. تويىمىز بولغىلى مانا بۇ يىل توپتوغرا يىگىرمە يىل بولدى. چوڭ قىزىمىز ئون توققۇز، ئەڭ كىچىكى توققۇز ياشقا كىردى. ئالتە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغىچە نېمە جاپا - مۇشەققەت كۆرمىدۇق؟ لېكىن ئەدەبىياتتىن ۋاز كەچمىدۇق، ئون ئىككى يىل سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تاپتىم. ھازىر ئىككى يەردە دۇكىنىم، تۆت خىزمەتچى، بىر ماشىنا، ئالتە ئېغىزلىق يېڭىدىن سالغان ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئۆيۈم بار. مەن ئەمدى تىجارەتتىن قول ئۈزۈپ بولتۇردىن باشلاپ يازغۇچىلىق كەسپىنى تاللىۋالدىم. ئايرىم خانىدە چىرايلىق ئۈستەل، ئېسىل ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر يىلدىن بېرى يېزىۋاتىمەن. پۇلىنىڭ، مېھمان قىلىشنىڭ كۈچى بىلەن ئارانلا ئىككى پارچە ھېكايەم ژۇرناللاردا بېسىلدى. ئەدەبىياتچىلار مېنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىم، ئۈرۈمچىدىن بىرەر يازغۇچى كەپتۇ دېسىلا ئىزلەپ تېپىپ ئەتىراپىدا پەرۋانە بولىمەن. ئۇلار نېمە دەپ ئويلىسۇن، بۇ مېنىڭ ئادىتىم، خۇشاللىقۇم. ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتىم. پاھ، دۇنيادا ئەدەبىياتتىنمۇ لەززەتلىك نەرسە بار دېسە ئىشەنمەيمەن. ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى «چالىقۇشى» تونۇشتۇرغان. مەن ئايالىمغا

خۇددى ئاتايىتەك كۈمۈش بىلەيگە ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولغانىمەن. ئايالىم ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىز ئوڭايلا توي قىلىپ ئالدۇق، بولمىسا مەن ئەسەر قەھرىمانى بولۇشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغانىمەن.

«قالتىس گەپكىنا، ھاۋانى يېڭىلارمىش تېخى. بۇنىڭ ئۈچۈن 40—50 مىڭ سوم خەجلەپتۇدەك، نېمىشقا، نېمىگە خەجلىدى؟ مەن 40—50 مىڭ سوم تاپماقنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىر مەشچى ھاۋانى يېڭىلارمىش. ھاۋانىڭ بۇلغىنىۋاتقانلىقى راست. غۇلجا ھاۋاسىدا ئوران، كادمىي، كاربون تۆت ئوكسىدىغا ئوخشاش زەھەرلىك ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن بۇ قېرى قانداق قىلىپ ھاۋانى ياخشىلارىكىن؟ ھاۋا دېگەن ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ياكى مىجەزى ئەمەستە؟...»

— بېرىڭ، قىزىققان بولسىڭىز ئۆگىنىپ باقماسىز. ئاڭلىسام، دەريا بويىغا، ھە، ھېلىقى، بىز ھېلىقى چاغلاردا دائىم بارىدىدان يار بېشىغا ئۆي سېلىپ كۆچۈپ بېرىۋاپتۇدەك، بارسىڭىزلا تاپالايسىز، — دېدى ئايالىم ماڭا مەدەت بېرىپ، — ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ نېمىمۇ يازارسىز، بېرىڭ، ئۆگىنىپ بېقىڭ!

شۇنداق، مەن ئابلا ئۇستام بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ روھىنى، ئىشىنى ئۆگىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلگىن بالام، — دېدى ئابلا ئۇستام مېنىڭ سالىمىمنى يېڭىلا خام كېسەكتە سېلىنغان ئۆيىنىڭ پېشايۋىنى ئالدىدا ئىلىك ئېلىپ، — ئۆيگە باشلايمۇ-يا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ھوزۇر قىلامسەن؟ شاپتۇل ئەكېلىڭلار ھاي باللا.

بۇ يەردە راسا ھوزۇر قىلدىم: ئالدىمغا قارىسام كەڭ دەريا سالاسى — كۈمۈشتەك يالتىراق كەڭ ئېقىن، ئېقىننىڭ ئىككى قانىتىدىكى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىۋاتقان توقايلىقلار. ئىلگىرى تال، تاغ تېرىكى، جىگدە، جىغان، زىرىخلار بۈككىدە ئۆسىدىغان بۇ ئىلى دەريا بويىدىكى توقايلىقلار سەيلىگاھ، ئارام - ئىلھام ماكانى بولغان. كېيىن كىشىلەر كۆكۆل ئېچىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغان چاغلاردا تاپتاقىر سايلىققا ئايلانغان ئىدى. مانا ئەمدى ئېغىر كېسەل تارتىپ ئورنىدىن تۇرغان ۋە ھۆسن تېپىشقا باشلىغان قىزدەك قايتا كۆرۈنمەكتە. ياپيېشىل ئورمان مەندىن ئىككى مېتر نېرىدىلا، تۇرغان قويۇق كۆچەتلىكتىن باشلىنىپ، دەريانى قۇچاقلاپ ئۆتۈپ تاكى گىرىمسەن تۇتەك ئارىسىدا قارا كۆك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان، ئاق بۇلۇتلارغا ئاپئاق تاجىنى تەككۈزۈپ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈۋاتقان تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ دىلمۇك قاپتاللىرىغا تۇتىشىپ كەتكەن. بىزنى چوڭ قىلغان ئانا تۇپراقنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى ماڭا كۆرسىتىشى قەلبىمدە ئىلھام، ھاياجان پەيدا قىلدى. ماڭا ھەممىلا نەرسە يېڭى، گۈزەل كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— ھاۋانى يېڭىلايمەن دېگەنلىرىنى نېمە دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ، ئابلا ئۇستام؟

— يېڭىلايمىز شۇ.

— قانداقسىغا؟

— دەرەخ تىكىپ، ئورمان قىلىپچۇ!

بوۋايىنىڭ ئاددىي جاۋابىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدۇم. ئابلا ئۇستام ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە كىيىۋالغان پەنجەكىنى سېلىۋېتىپ قاسقىنىدىن شور ئۆرلەپ كەتكەن شەلەپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ماڭا قارىدى:

— كۈلىسەنغۇ؟ رادىئو ئاڭلىمامسەن،

گېزىت كۆرمەمسەن؟ دەرەخ ھاۋانى يېڭىلايدۇ. ھۆكۈمەت ماڭا دەريا بويىدىكى سازلىقتىن ئىككى يۈز مو يەرنى بەردى. مۇنۇ يار بېشىدىكى يەرلەرمۇ مېنىڭ. مەن بۇ يەرلەرگە ئالما، شاپتۇل، ئۈزۈم تىكىمەن. ئاشۇ ئىككى يۈز مو سازلىقنى شاپتۇللۇق قىلىمەن. ئاۋۇ يەرگە كۆل كولىتىمەن. بەش مو يەردىكى كۆل، ئىككى يۈز مو يەردىكى باغ قانچىلىك ھاۋانى يېڭىلايدۇ؟ بىلەمسەن، ھاۋا دېگەن سۇدا يۇيۇلىدۇ، دەرەخ يوپۇرمىقىدا سۈزۈلىدۇ.

— ھا - ھا - ھا! — ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم.

— نېمىگە كۈلىسەن، بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال.

مەن بىردىنلا بوۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئالدىمدا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان چابۇروت، ساقالسىز، يۈزلىرى قورۇق، بادام قاپاقراق، كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ تۇرىدىغان ئادەم ماڭا ئەسەرگە قەھرىمان بولالايدىغان ئالاھىدە خاراكتېرلىك پېرسوناژ بولۇپ بىلىنىشكە باشلىدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ تىنجىق چۈشلۈكىدە دەرەخلەر، قۇشلار ئۇخلاشقان. سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىكى يالتىراق يوپۇرماقلارمۇ قېتىپ قالغاندەك جىم. پەقەت يىراقتىكى ئىلى دەرياسىلا ئاستا، سۇرلۇك ھەرىكەت قىلاتتى.

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى بوۋاي ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، دەريا تەرەپكە قولىنى سوزۇپ، — دەريانى كۆرۈۋاتامسەن، ئۇ شۇ تاپتا ھاۋانى يۇيۇۋاتىدۇ. دەريا بويىنىڭ ھاۋاسى تازا، ھەممە مەينەتچىلىك ئاشۇ قاسماق بازاردا. ئېشەكمۇ بازاردا تۇرۇشنى خالىمايدۇ جۇمۇ، شەھەرگە كىرگەندە بىردەم باغلاپ قويسام كۈنگەيگە قاراپ ھاڭرايدۇ. جانىۋارنىڭ بېشىنى شەھەرگە قاراتسام قەدىمىنى ئاستىلاپ، مۇڭگۈكلەپ ماڭىدۇ. دەريا بويىغا شۇنداقلا قاراتسام بارمۇ، بېشىغا ئىگە بولالمايمەن، ئوكۇرەك تاشلاپ ماشىنىلاردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بوۋاينىڭ گەپلىرى تولىمۇ قىزىق، ئويلازلىق ئىدى. مەن خاتىرەمگە «مۇڭگۈكلەپ»، «ئوكۇرەك تاشلاپ» دېگەن سۆزلەرنى يېزىۋالدىم.

— نېمىنى يېزىۋاتىسەن، شەھەرنى تىللىدى، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇر، دەپ گېزىتكە يېزىپ يۈرمە يەنە، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — قەلەيدىن سەرەڭگە قېپى ياساپ ساتتى، ماشىنا پەيجاۋلىرىدىن تۇۋاق، شازا ياساپ سېتىپ، يىگىرمە تىيىنلىق قەلەيدىن ئىككى سوم پايدا تاپتى، دەپ تەنقىد قىلغانلىرىڭچۇ؟ مەشچى بولغاندىكەن ياسىماي نېمە قىلاتتىم. كاپىتالىزم دەيدۇ تېخى، نېمە ئۇ كاپىتالىزم دېگەن، جان بېقىۋاتىمەن، جان، دېسەم ھېلىقى تولا سۆزلەيدىغان كادىر، سوتسىيالىزمدا ئاچ قالغان ئادەم بارمىدى، دەپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغان. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان ئادەملەر تولا، شۇلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالمىغىن دېمەمسەن!

— مەن سىزنىڭ ھاۋانى يېڭىلايمەن دېگەن سۆزىڭىزگە قىزىقىپ قانداق يېڭىلايدىكەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دەپ بۇ ياققا كېلىشىم. دائىم كېلىپ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى بىلىپ تۇرسام خاپا بولماسسىز - ھە؟

— بىلگىڭىز كەلگەن بولسا، مانا ھازىرلا ساڭا كۆرسىتەي، جۈر ئەمىسە.

ھاۋا ئىسسىق، ئورمانلىق تىنجىق. مەن بوۋايغا ئەگىشىپ بىردە ئويمان - دۆڭ، چاڭ - توزان، بىردە سازلىق - پاتقاقلىق،

بىردە يولسىز - چاتقاللىق يەرلەردە بىر دەم يول ماڭدىم: بىر نەچچە مو يەرنى بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كولىماقتا. كەڭلىكى ئىككى يۈز، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يۈز، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە بولغان بىر كۆل ياساپ بېلىق باقارمىش. بۇ يەرنى يىگىرمە مىڭ سومغا كۆتۈرە بېرىپتۇ. دۆڭدىن سازلىققا قارىتىپ سېمونت ئېرىق ئاپتۇ. بۇ ئېرىقنىڭ پىلانىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تېخنىكى تۈزۈپتۇ. بوۋاي تېخنىككە بىر مىڭ ئىككى يۈز سوم «مۇكاپات» بېرىپتۇ. ھازىر ئۇ يەرنى ناتونۇش بىرسى ياساۋېتىپتۇ . . . دەرەخلىرى قىرىلىپ، ئوتچۆپلىرىلا قالغان ئىككى يۈز مو سازلىقنىڭ چۆرىسىنى تىكەنلىك سىم بىلەن قاشالاپتۇ. ئۇ يەرگە تىكىلگەن كۆچەت، كولانغان ئورەك، قىلىنغان ئەمگەك ھېسابسىز ئىكەن. بۇ يەردە تاللار، جىگدىلەر بۈك - باراقسان بولۇپ ئۆسسە، بىرىنچىدىن، دەريانىڭ يەرلەرنى سوقۇپ كېتىشىدىن مۇداپىئە قىلغىلى، ئىككىنچىدىن، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق ئىلى خەلقى ئۈچۈن يېڭى بىر ئارام ئېلىش ياسىغىلى بولارمىش، تېخى بۇ يەرگە كىرىش بېلىتى ساتارمىش، پۈتۈن بۇلبۇل - كاككۇكلارنى بۇ يەرگە يىغىپ سايرىتارمىش، نەچچە مىڭ تۈپ شاپتۇل، نەچچە مىڭ تۈپ ئالمىنىڭ كىرىمى بىلەن بۇ يەرنىڭ يوللىرىغا قارىماي ياتقۇزۇپ، يەتتە ئىقلىمدا بار دەرەخنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە كۆكەرتىپ، ھەممە مېۋىدىن ھوسۇل ئالارمىش . . .

بوۋاي ماڭغانسېرى جانلىناتتى، سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. ئۇ ماڭا بېقىۋاتقان توخۇ، ئۆردەك - غازلىرىنى، بېقىلىۋاتقان كالا - قوي ۋە قوتانلىرىنى ھەتتا ساسلىقتا ئۆسۈ-دىغان مەسىل كوكاتىدا سىلوس ياسايدىغان ئورەكلىرىنى قويماي كۆرسەتتى.

— بىر قەۋەت مەسىل، بىر قەۋەت تۇز چېچىپ دۆملەيمىز. قىشتا مالغا پولو بولىدۇ بۇ، — دېدى بوۋاي مەسىل ئىسىملىك كوكاتنى چايناپ تۇرۇپ، — كۆردىڭىز بالام، مەن ھاۋانى يېڭىلايمەن، يەرنى يېڭىلايمەن، سۇنى يېڭىلايمەن. بېغىمدا بۇلبۇلنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلاپ يېتىپ كۆزۈم يۇمۇلسا، دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن - دە، بالام.

يازغۇچى بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس جۇمۇ، بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندىم. ھېسسىياتلىق بولۇش يازغۇچى بولۇشنىڭ بىر شەرتى دېيىشىدىكەن. مېنىڭ ھېسسىياتىم مانا كۆزى ئېچىلغان بۇلاقتەك بۇلدۇقلىماقتا. ھېسسىياتى، ھاياتى، خاراكتېرى ئۆزگىچە ئادەم، ئاجايىپ ئىشلار ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، مەن گويا يازغۇچى بولۇپ داڭ چىقارغاندەك خۇشالمەن.

تۇۋا، ئاخىر مۇنۇ كېپى تولۇق، ئۆزۈمچىل، تەرسا بوۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن ۋېلسىپىت بىلەن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەتىگەنلىكى پەيدا بولغىنىمدا ئۇ بىر بولسا پالتىسى بىلەن تېرەك شۇڭلىرىنى تۇغراۋاتقان، بىر بولسا ئېشەكنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ ئەركىلىتىۋاتقان ياكى تېرەك بېشىدىكى قاغىلارنى بىزەپ تىللار بىلەن تىللاۋاتقان بولىدۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئالىيىپ قارايدۇ، ئاندىن كېيىن قوپال چاقچاق قىلىدۇ:

— كەل ئىشپىيون، — دەيدۇ ئۇ ئاغزىنىڭ يېرىمىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك لەۋلىرىنى قىمىسايتىپ، — دېسەم - دېمىسەم سەن مېنى چاقىسەن، بولمىسا نېمىشكە دەپتىرىڭگە يازغانلىرىڭنى ماڭا ئوقۇپ بەرمەيسەن؟

ئۇ ھازىرغىچە مېنىڭ ئىسمىمنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سوراپمۇ قويمىدى. مېنىڭ دەپتىرىمدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنى قىزىقتۇرمىسا كېرەك.

مانا ئۇ ئۈن - تىنسىز يار بېشىغا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ سايىسى. يار بېشىدىن سازلىققا قاراپ سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يېنىدا توختاپ كىمنىدۇر تىللاشقا باشلىدى:

— سۇ دېگەن تاماكىنىڭ كۈلى بولمىغاندىكىن، كەلسە - كەلمەس چۈشۈرۈۋېرىدىغانغا، نېمىشقا بىر قىنىدا ئاقمايدۇ بۇ سۇ. تۈنۈگۈن ئاۋۇ يەردە ئاققان، بۈگۈن مانا بۇ يەردە. دەريا بويىدا نېمىشقا يار تولا؟ مۇشۇنداق قىناقسىز سۇ تولا.

بىز چىغىر يول بىلەن تۆۋەنگە چۈشتۇق. سېمونت ئېرىق ياساۋاتقان ئادەم ھاندۇۋۇدىنى تۇتقان پېتى بوۋايغا سالام بەردى:

— تۇردى تېخنىك قېنى؟ — دېدى بوۋاي قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇ ساڭا بۇ ئىشنى كۆتۈرە بەردىمۇ، ۋۇي پۇلغا دوم چۈشكەن خۇمسى. ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان تېخنىك، مەن ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرگەن پۇلغا ئادەم ياللىغىنىنى نېمىسى؟

— بىلمەيمەن ئۇستام.

— قانچىگە كۆتۈرە ئالدىڭ؟

— يەتتە يۈز سوم.

— بەش يۈز سوم قايرىپتۇ - دە، بۇ كادىر دېگەننىڭ قاقتى — سوقتى قىلمايدىغىنى بارمىكىنتاڭ. بىز بەش يۈز سومنى چىلەكلەپ تەرتۆكۈپ تەستە تاپىمىز، بۇ خۇمسىلار ئېغىزنىڭ يېلى بىلەنلا تاپىدۇ. خۇدايىم كادىر قىلمىغىنىڭغا مىڭ شۈكرى. ھەي سېمونتچى، ئېتىڭ نېمە، ھەمرا دېدىڭما؟ ھە، ھەمرا كەچتە ئۆيگە كىر، قورقما، يەتتە يۈزنى تارتىپ ئالمايمەن، مىڭغا توغرىلاپ قويىمەن.

بوۋاينىڭ گەپلىرى ئاشۇنداق قىزىق، ئوبرازلىق، ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالساڭ ھېكايە تىلىنىڭ ئۆزىلا. مەن ئەمدى يېنىمغا كىچىككىنە ئۈنئالغۇ سېلىپ يۈرىدىغان بولدۇم، بوۋاينى كۆرۈش بىلەنلا ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويىمەن.

تۇردى تېخنىك توغرىسىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى ئاغىنەمدىن ئەھۋال ئۇقتۇم. شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بوۋاينى قوللايدىكەن، ئۇنىڭغا سازلىق ۋە يار بېشىدىن يەر بەرگەنمۇ، ئۇنىڭ سېمونت ئېرىقى ئۈچۈن تېخنىك ئەۋەتكەنمۇ شۇ سېكرېتار ئىكەن.

تۇردى تېخنىكنىڭ قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى تېزلا سېكرېتارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. سېكرېتار ئۇنى چاقىرىپ بوۋاينىڭ پۇلىنى قايتۇرغىن، تەكشۈرۈش ياز، دەپتۇ. تۇردى تېخنىك بىر مىڭ ئىككى يۈز سومنى خەقتىن قەرز ئېلىپ بوۋايغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ، مەن كەچتە بۇ ئەھۋالنى بوۋايغا دەپ بەردىم. بوۋاينىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، ئۈنئالغۇمغا مۇنداق سۆزلەر چۈشۈپتۇ:

— نېمىنى تۆلىگىدەك، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىمىدى ئۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەملەر چۈمۈلىلەردەك بىر - بىرىسىنىڭ رىسقىنى تارتىۋېلىپ، بىر - بىرىنىڭ بېشىغا دەسسىشىپ، بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. دىيانەتلىك بولغان ياخشى ئىش، بەش يۈز سوم ئۈچۈن تەكشۈرۈش يازسا، بەش مىڭ، ئەللىك مىڭ، بەش يۈز مىڭ، بەش مىليون سوم ئۈچۈنچۇ! قېتىق ئىچكەن قۇتۇلۇپ، تاۋاق يالىغان تۇتۇلىدىغان گەپ.

— كىچىككىنى تۇتمىسا چوڭىنى نەدىن

تاپىدۇ ئۇستام؟

— ھا — ھا — ھا . . . بۇ گېپىڭ ژىك باستى بالام. ئەمما لېكىن، ھېلىقى تۇردى تېخنىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ باقە، مە، مۇنۇ بەش يۈزنى يانچۇقىڭغا سېلىپ قوي، ئائىلە قىيىنچىلىقى بولسا مۇنۇ پۇلنىمۇ بەرگەن. كىم بىلىدۇ، يوقسۇزچىلىقتىن شۇنداق قىلدىمۇ؟ پۇلنى ماڭا ئەكېلىپ بەرمەسۇن، مەن ئۇ پۇلنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدىم. شېكىرىتار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىۋالىمەن.

تۇردى تېخنىكنىڭ ئايالى ئىشلىمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئېغىر ئاغرىق ئانىسى، ئوقۇۋاتقان تۆت بالىسى بار ئىكەن. ئۇ ئىككى يۈز ئوتتۇز سوم بىلەن 7 — 8 جاننى باقىدىكەن. مەن ئۇنىڭ تار بىر كوچىدىكى سوقما تاملىق ھويلىسى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتۈم. ھويلىدا ئىككى تۈپ ئالما، بىر چوڭنەك گۈل، ئىككى تۆۋرۈكلۈك ئۈزۈم بارىكى، زەي سۇپا ئۈستىدە يازلىق ئوچاق، ئىككى ئېغىز كۆك ھاكلانغان ئۆي، بىر ئېغىلدىن باشقا ھېچنېمە يوق. بۇنداق قورۇنىڭ خوجايىنىمۇ، ئىجارىگە ئالغۇچىسىمۇ نامرات بولىدىغانلىقى ماڭا بەلگىلىك . . .

مەن ئۇستام بىلەن كولىنىۋاتقان «كۆل» يېنىدا تۇرغاندا تولىمۇ كونىراپ - شالاقشىپ كەتكەن ۋېلسىپىتقا تايىنىپ، ئورۇق، ۋاقىتسىز قېرىلىق يەتكەن بىر ئادەم يېنىمىزغا كېلىپ سالام بەردى.

— كەلسىلە تۇردى ئاخۇن تېخنىك! — دېدى ئۇستام باشقىچىلا قىزغىنلىق بىلەن، — قارىسىلا، بۇ ئاغىمخانىلىقتا كۆل پەيدا بولۇۋاتىدۇ، يەنە بىر كەلگەندە كۆرىدىلا، بېلىقلار سەكرىشىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ سىلىنى قارشى ئالىدۇ. دەپ باقسىلا، بۇ كۆلگە نەچچە تال بېلىقجان سالسام بولار؟ بېدە يەيدىغان بېلىق بارمىش. سازلىقتىكى ئىككى يۈز مو يەرگە بېدە ئۇرۇقى چاچسەن، نېمە، شور يەردە ئۆسەلمەيدۇ دېدىلىما؟

— شۇنداق، ئۇستام. شورلۇقتا بېدە ئايىنىمايدۇ.

— ئايىنىمىسا خىمىيە ئوغۇت چاچسەن، شورلۇقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن زەيكەش چاپتۇرۇپ شور سۈيىنى دەرياغا قىنايمىز دېسەڭلە. پىلان چوڭ، بۇ زېمىندا تېخى جىق ئىش پۈتتۈرىمىز. سېمونت يوللار، دەريا بويىدا چىرايلىق بارگاھلىق پەۋاخانىلار، تانسىخانىلار، قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا ئورۇندۇقلار، ھەممىلا يەردە قىزىل گۈل، ئەتىر گۈللەر، بۇلبۇل، كاككۇك ئاۋازى، ناخشا-سازلار، كۆلكە - چاقچاقلار پەيدا بولىدۇ تېخى. بالام، ھېلىقى جەننەت ياسىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمى نېمە دېدىڭا؟

— شەددات.

— ھە، شەددات ياسىغان بۇ دۇنيالىق جەننەتنى مەنمۇ ياساپ باقاي دەيمەنا، قانداق دەيلا تۇردى ئاخۇن تېخنىك؟

— ھى - ھى - ھى . . . قىلالايلا ئۇستام، سىلىنىڭ قولىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئۇستامنىڭ ماختاشقا ئۇچرىغانلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. تۇردى تېخنىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئابلا ئۇستام تېخىمۇ چوڭ سۆزلىگىلى تۇردى:

— دەريانىڭ ماڭا پاسىل بولىدىكىنمۇ ھېنىڭ، — دېدى ئۇ يىراقتا ئاقىرىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قولىنى سوزۇپ، — دەريانىڭ ئىككى

يۈز مېتىر يېرىدىكى سىم توساق بىلەن توسايمەن، تەتۈر سېپۋەتتەك قىلىپ بوغىمەن. دەريادا بېلىق باقىمەن تېخى. نېمە دەيدۇ، دەرياغا تۆمۈر كۆۋرۈك ياسىتىمەن، دەريانىڭ بۇ قېشىنى كۆللەندۈرۈپ بولۇپ، ئۇ قېشىغا ئۆتىمەن تېخى.

تۇردى تېخىنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتالمىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىمۇ ئۇستام ياسىلىدىغان راۋاق، مەھەللە، كىنوخانا، مەسچىت توغرىسىدا توختىماي سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئالغۇم بىر چاغدا «چارس» قىلىپ قالدى. تۇردى تېخىنىڭ ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئالغۇ سېلىنغان سومكامنى ئاختۇرغان بولۇپ، لېنتىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم.

تۇردى تېخىنىڭ كەتكەندىن كېيىن ئۇ:

— ھەي بىچارە، بىلىقى پۇلنى ئانىسىنى دوختۇرغا ياتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەتمەپتۇ ئەمەسمۇ. پۇل بولمىسا، دوختۇردا ياتقىلى بولمىسا . . . نېمە ئامالى بار بىچارىنىڭ. قارا، باشقا گەپ قىلساڭ يىغلايدىغاندەك. نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىلمىمەن، سېكرېتار ئۇنى ئەپۇ سوراشقا ئەۋەتكەن. مەن سۆزلىگىلى قويمىدۇم. بىز ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىساق بولىدۇ. ئىككى يۈز تەڭگە ئۈچۈن قېنى بىلەن تېرىسىدىن باشقا ھەممە نېمىسىنى سەرپ قىلىپ بوپتۇ. كۆردۈڭمۇ بالام، كۆزىنىڭ نۇرى يوق، چىرايىدا قان يوق، ئۇنىڭ بېشىدا غەمدىن باشقا ھېچنېمە يوق. غەم يەپ بوپتۇ ئۇنى. مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ يەرگە ئۆي - جاي سېلىپ بېرىمەن. كۆچۈرۈپ ئەپچىقىۋالىمەن، خېلى بىر نېمە بىلىدۇ ئۇ. دەريا بويىغا، ھاۋالىق يەرگە كۆچۈپ چىقىۋالمىسا، پات ئارىدا ئۆلۈپ قالىدۇ ئۇ.

مەن خىجىل، مەنىمۇ پۇللۇق ئادەم. لېكىن ھازىرغىچە ئۆزۈمدىن باشقىنى ئويلىغىنىم يوق. مەھەللە مەسچىتىگە ئۈچ مىڭ سوم بەرگەندىن باشقا ھېچكىمگە ھېچنېمە بەرگىنىم يوق، ھەتتا مائارىپقا ياردەم قىلىسەن دېسىمۇ غودۇڭشىدىم. ئۆزۈم ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇپ تۇرۇپ، ئەدەبىيات فوندىغىمۇ بىر تىيىن بەرمىدىم. خىزمەتچىلىرىمنىڭ بەزىلىرى خېلىلا نامرات. ئۇلارغا ئايلىق ئىش ھەققىدىن باشقا بىر تىيىن يېگۈزمەيمەن. بىرەرسى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن بىسوراق ئون - ئون بەش كوي خەجلەپ قويسا، گەپ قىلماي ئىشتىن ھەيدەيمەن. مېنىڭ بۇ قاتتىقلىقىمنى ئايالىم بىلىدۇ. ئۇ ماڭا:

— يازغۇچى دېگەننىڭ قەلبى گۈزەل بولىدىغان. سىزنىڭ قەلبىڭىز بۇلغانغان قەلب. باشقىلارنى ئويلىمايسىز. ئۇلۇغ يازغۇچىلار نېمىلەرنى قىلغان، بىلەمسىز؟ تاگور دۇنيادىكى يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ ئاچقان. تولستوينىڭ دېھقانلارغا قىلغان ياخشىلىقى، ماۋدۇننىڭ ئەدەبىياتقا پۇل بېرىپ مۇكاپات تەسىس قىلغىنى، يەنە باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمىغانلىقى كىتابلارغا يېزىلغان، سىززە . . . ھا - ھا - ھا.. بالىلىرىڭىزغا ئون تىيىن بېرىشكىمۇ ئاغرىنىسىز . . .

ئايالىمنىڭ كېيىندىنمۇ مۇنۇ ساۋاتسىز بوۋاينىڭ تۇردى تېخىنىكىغا قىلغان ياخشىلىقى مېنى خىجىل قىلماقتا. ئۇ تۇردى تېخىنىكتەك يەنە قانچىلارنى يۆلىدى، مەن بۇنى بىلمەيمەن. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بالىلىرى بىلەن مەشچىلىك قىلىپ خېلى پۇللۇق بوپتۇ. ئاخىر يىگىرمە - ئوتتۇز كىشىلىك مەشچىلىك كارخانىسى قۇرۇپتۇ. كارخانىنىڭ

خوجايىنى مۇشۇ ئابلا ئۇستام ئىكەن. لېكىن ئۇ «ھاۋانى يېگىلاش» ئۈچۈن كارخانىدىن چىقىۋېلىپ ئورنىغا ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ ئىشىغا قاتتىق نارازى ئىكەن. ھەدېسىلا دادىسى بىلەن پۇلنى بۇزۇپ - چاچتىڭ دەپ جاڭجال قىلىدىكەن. لېكىن بوۋاي دېگىنىنى قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم بولغاچقا، ئوغلى ئۇنى زادى توسيالماپتۇ. بوۋاي غاز - ئۆدەك بېقىپ ئون نەچچە مىڭ سوم زىيان تارتقاندىن، مال بودايمەن دەپ ئادەم ياللاپ قىشچە ئاۋارە بولۇپ، ئەتىيازلىقى بوداق ماللىرىنى ساتقاندا يەنە پايدا ئالالمىغاندىن چوڭ ئوغلى قاتتىق ۋارقىراپتۇ:

— تەييارنى يەپ، بەش ۋاق نامىزىڭنى ئوقۇپ ياتساڭ بولمامدۇ، — دەپتۇ چوڭ ئوغلى، — ساڭا قانچىلىك پۇل لازىم بولسا، مانا مەن تېپىپ بېرەمەن!

— ئەركەكنىڭ ئەسكىسى خەقنىڭ ئالقىنىدىكى ئاشقا قارايدۇ، مەن دېگەن جىلك ئەركەك!

— مەن خەقمۇ، سېنىڭ بالاڭمەن دادا، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بالامۇ سەن؟ — دەپتۇ بوۋاي ئادىتى بويىچە ئاغزىنى قىيسايتىپ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنداق بولسا ماڭا دادامدەك گەپ قىلما، مەن نېمە قىلىمەن دېسەم «ياق» دېگۈچى بولما.

«كۆل» بويىدا مەنمۇ بوۋايغا پىكىر بەردىم:

— ئۇستام، ئازگال يەر بولسىلا كۆل بولۇۋەرمەس، سۇ توختامدۇ بۇ كۆللەردە؟ — دېدىم مەن ئەت تۇپراق يەرنى دەسسەپ تۇرۇپ، — قارىسىلا، پۈت كىرىپ كېتىپ بارىدۇ يەر تېگىگە، بۇ بىر پورپاڭ يەردەك قىلىدۇ، تېگىنى چىڭداپ، چۆرىسىنى تاش - سېمونت بىلەن قاتۇرۇپ سۇ سىڭىپ كېتىدىغان قىلماسلىق بولماس.

— نېمە؟ سايرام كۆلىنى كىم سۇ سىڭمەس قىپتىكەن، ئېلى دەرياسىنى كىم تاش - سېمونت بىلەن قاشالاپتىكەن؟ مەن سېنى چىللاپ كەلمىدىم، سەن كىم سەن زادى، ئېتىڭ نېمىدى؟ سېنىڭ مەندە پۈتتۈرەلمەيۋاتقان قەرزىڭ بارمۇ؟

ئۇ ماڭا بىردىنلا ئۆچ بولۇپ قالدى. ماڭا خۇددى مىڭ - مىڭ بازاردا مۆرە ئۇرۇشتۇرۇپ ئۇچرىشىپ قالغان ناتونۇش بازارچىغا قارىغاندەك ئالىيىپ قاراپ، ئاغزىنى قىيسايتىپ تىللىدى، — مېنىڭ يېرىمدە سەن نېمىگە پوسۇرلاپ يۈرۈيسەن، ماڭ، ئىشپىيونلۇقىڭنى باشقا يەرگە بېرىپ قىل!

ئاخشىمى ئايالىم ئۈنئالغۇدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— يازغۇچى بولماق ئاسانمىكەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — تېخى تاياقمۇ يەيسىز.

— مەن تۇيتۇجى ① ھەيدەشنى بىلىمەن. بوۋاينىڭ تۇيتۇجىسىنى ھەيدىشىپ بېرەيمىكىن دەيمەن.

— چاڭ - توزانغا چىدىيالامسىز؟ سىز چوڭ - چوڭ شەھەرلەردە مەدەنىي تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەم، مەينەتچىلىككە كۆنەلمەيسىز، ئادەم ياللاپ بەرسىڭىز بولارمىكىن.

— ياق، بوۋاي بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. مەن بىر ھەيدەپ باقاي. قارىماسەن بوۋاينىڭ قالتىسلىقىنى، تۈنۈگۈن بارسام يىگىرمە مىڭ سومغا كۆتۈرە بەرگەن كۆلىنىڭ تېخى يېرىمىمۇ پۈتمەپتىكەن، بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ بۇ تۇيتۇجىنى شوپۇرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، يەنە بىر شوپۇر ياللىۋېلىپ كېچە - كۈندۈز ئىشلىتىپ، يېرىم ئاي ئىچىدە

① توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى

كۆلگە سۇ قۇيايمەن دەپ شوپۇر بىلەن بىللە كەتكەن. بۈگۈن بارسام دېگىنىنى قىپتۇ. ئەمما تېخى تۆيتۆجى ھەيدەيدىغان شوپۇر ياللىماپتۇ. ئۇنىڭغا تۆت يۈز سوم بېرىمەن دېسەممۇ، كۈنىگە 15—20 سوم بېرىمەن دېسەممۇ شوپۇر تېپىلماپتۇ. مەن كۈنىگە ئون سوم بەرسىلە بولىدۇ، تۆيتۆجى ھەيدەشكە رازى، دەپ باقاي.

بىز ئەر - ئايال ئىككىمىز ئېسىل سارىيىمىزنىڭ تاختايلىق پولىدا — ئېسىل گىلەملەر، ئېسىل كۆرپىلەر ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىپ رومانتىك خىياللار بىلەن تۈنىنى يېرىم قىلىشتۇق.

پېتىرگە قايىلمەن، روسىيە دېڭىز فلوتىنى تەشكىللەش ئۈچۈن ئەنگلىيىگە بېرىپ، پاراخوت ياساش ئىشچىسى بولۇپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلىقىدا باشقىلارنىڭ قويىنى باققان. چىڭگىزخان ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولغان. سېرۋانتېس «دونكىخوت» نى ئەسىرلىكتە، چېرنىشېۋسكىي «نېمە قىلىش كېرەك؟» نى تۈرمىدە، نېرۇ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى»نىمۇ تۈرمىدە يازغان. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇنچىلىك... ئەمما ئۆز غايىسى ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە ئۆزىنى ئۇتۇپ بەرگەنلەر سانسىز - ساناقسىز.

مەنمۇ ھازىر خوجايىن. لېكىن مەن ئۆز ۋاقتىدا كېسەكچى، ھامبال، مەدىكار، ئېلىپ - ساتار بولغانمەن. زامانىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ياشلىرىدىن بولىمەن دەپ تراكتور ھەيدەشنى ئۆگەنگەن. كېيىن ماشىنا شوپۇرىمۇ بولغان. ھەتتا سىلىسارلىقمۇ قىلغانمەن. مەن ھازىر خوجايىن، ھەر قانداق بىر ئىشتا قولۇمنى ئەگرى قىلمايمەن. مەن بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە ئاغزىمنىڭ يېلى بىلەن بىرنى ئون، ھەتتا بىرنى يۈز قىلالايدىغان خوجايىن. ئەمما ئىنسان ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ھەر نېمە بولۇشقا رازى بولىدىكەن. مەن خوجايىنلىقتىن مالاي - يالانما شوپۇر بولۇش قارارىغا كەلدىم.

مانا ئۆزۈممۇ بۇنداق بولاردىنى ئويلاپ يەتمىگەن: مەن بوۋاينىڭ ئىشىغا چىندىلىدىن قىزىقىپ قالدىم. تۈنۈگۈن بوۋاي چوڭ ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن ماڭا داد ئېيتىپ بەردى:

— ئالتە بالىنى قاتارغا قاتىمەن دەپ ئادەملەرنى قانچىلىك ئالدىدىم؟ خۇدانىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدىدىم. ئالدامچىلىق بىلەن ھازىرقى مەشچىلىك كارخانىسىنى قۇرۇپ چىقتىم. ئەمدى ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان گۇناھىمنى يۇيماي دېسەم مۇنۇ پۇشتۇمغا ئاسىي، كىچىكىدىنلا كەدەنكەش، ئالا كۆڭۈل ئىدى، بۇ خۇمسى. مانا قارا، تېخى بانكىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆز نامىغا ئۆزگەرتىپ ئاپتۇ. مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن پۇل سوراپ ئالغىدەكمەن تېخى!

—پۇلدىن قىسىلغان بولسىلىرى...

— قەرز بېرەي دەمسىلا؟ سەن تېخى مېنى بىلمەيسەن، دادامنىڭ ئاخىرەتلىكىگە پۇل يوق بولۇپ قالغاندىمۇ بىرسىدىن قەرز سورىمىغانمەن. مەن بىرسىدىن قەرز سوراشنى بىلمەيمەن. مەن بانكىغا بېرىپ چەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى يازدۇرىمەن، بانكا باشلىقى مېنى تازا بىلىدۇ. مەن ئۆلمەي تۇرۇپ مېنىڭ ئورنۇمنى تالاشقان بالىنىڭ جاجىسىنى بەرگۈچىلىكىم بار تېخى!

مەن بوۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ قوپال، تىل - ئاھانەت ئارىلاش گەپلىرىنى ئاڭلىغىم كېلىپلا تۇرىدۇ. توۋا، قېرى ئادەم ماختاشقىمۇ ماھىركەن تېخى. مەن

بىرىنچى كۈنى تۈيتۈجى ئۈستىدە ئالتە سائەت تاماق يېمەي، ئۇسسۇزلۇق ئىچمەي ئىشلەپتىمەن. كۆلنىڭ تېگىدىن قىرغىقىغا قاردىتىپ ساپسېرىق سېغىز توپىنى تۆرتىدىغان گەپ. رولنى چىڭ تۇتۇپ، تەپكىنى چىڭ بېسىپ ئالدىغا - كەينىگە سانسىز مېڭىپ، ماشىنا بىلەن تەڭ ئىنجىقلايدىغان گەپ. ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك بوشاڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىمنى بىلدىم. ئۆزۋاقتىدىكى سوتكىسىغا «ستالىن 75» بىلەن ياكى «شەرق قىزاردى 54» بىلەن ئىككى يۈز مو يەرنى ئاغدۇرالايدىغان تراكتورچىنىڭ ئۇندىن بىر غەيرىتىمۇ مەندە قالماپتۇ. بەدىنىم ئۇگە - ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ياكى مەن كالتەك يېگەندەك، چىرايىم گۆركاننىڭكىدەك، پۇت - قولۇم باشقا بىرسىنىڭكىدەك... تۈزۈك ماڭالمايمەن، گەپ قىلالمايمەن.

- ۋاي ئاق قوڭ! - دېدى بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ، تىزلىرىغا ئۇرۇپ، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ، - يارايسەن، بولدى، كۈنىگە ئوتتۇز سومدىن ئال. مۇشۇنداق ھەيدىسەڭ كۆل ئون كۈنگە قالماي پۈتكىدەك. ئاق نانچى ئەمەسكەنسەن، خېلى ئەركەك تۈكۈڭ قويۇقكەن، ئوغۇلكەنسەن، تاپقان داداڭغا رەھمەت!

- ئاپامغىچۇ؟

- قويە، نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن. خوتۇن خەق دېگەن ھەممىنى تۇغۇۋېرىدۇ، باتۇرنىمۇ، نىمجان - مەجرۇھنىمۇ.

- بۇ گەپلىرى كونىچە!

- ماڭ، يۇيۇن، تاماق يە، يەنە ھەيدەيسەن تېخى!

مەن ئۆيگە يېرىم كېچىدە ئاران كەلدىم. ئايالىم بۇ قېتىم مازاق قىلدى.

- ھەم خوجايىن، ھەم مالايسىز، - دېدى ئۇ غولۇمنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن مۇجۇپ تۇرۇپ، - ئېيتىڭا، قايسىسى لەززەتلىككەن؟

- مالايلىق! - دېدىمەن يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە مامۇق ياستۇقنى باغرىمغا بېسىپ دۈم يېتىپ، - مالايلىق بولمىسا، خوجايىنلىق نەدىن كېلىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ خوجايىنى بولالىسام ئىدىم...

- بولالايسىز، - دېدى ئايالىم نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، - ياراتقۇچى بولۇش ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولغانلىق، راستمۇ؟

- مەسىلەن، ئابلا ئۇستامدەكمۇ؟

- ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن، ئاڭلىق ياراتقۇچى - ئىجادكار بولالايسىز، دېمەكچىمەن كەسپىي يازغۇچىمىز!

ئۇ مېنى ئەركىلىتىپ چاچلىرىمنى ئويناپ قويدى.

ۋاقىت ياراتقۇچى، ۋاقىت بىر تەڭداشسىز كۈچ! تاغلارنى يېمىرىپ تاشلىغانمۇ، قۇمدىن تاش پەيدا قىلالىغانمۇ، چىرىندىلاردىن ئېسىل بايلىق پەيدا قىلالىغانمۇ ۋاقىت. مانا ئىلى دەرياسى بويىدىكى يارلىق ئۈستىدە بىر كۆل پەيدا بولدى. بۇ كۆلدە ھازىر سۇ يوق، لېكىن مېنىڭ تەردىم سىڭگەن بولغاچقا بۇ يەر ماڭا سايرام، باغراش، بالقاشلاردەك بىلىنمەكتە، ھەتتا ئۇنىڭ سۈيى داۋالغىماقتا.

مەجنۇنتاللار سايىسىدا ئابلا ئۇستام ئۆزىنىڭ ئارقا تىرىكى - شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بىلەن گەپ تالاشماقتا:

- قىزىقكەنلا شۇجى، - دېدى ئابلا ئۇستام بەدىنىگە ئارام بەرمەيۋاتقان كاستۇم بىلەن گالستۇكىنى سىلكىپ - سىلكىپ قويۇپ، - دەريانىڭ تېگىنى كىم سۇ سىڭمەس قىپتىكەن.

سايرام كۆلىمىچۇ؟ سۇ دېگەن باغلاقتىكى ئېشەك، ئۇ ياققا ـ بۇ ياققا مېڭىپ قويۇپ توختايدۇ. بىر ئېرىق سۇنىڭ بىر سوتكىلىققا ئۈچ باراۋەر پۇل تۆلەيمەن. ئۈچ كۈن ئاقسىلا كۆل توشارمىكىن دەيمەن!

ـ يار تەرەپ خەتەرلىك، ـ دېدى سېكرېتارقولى بىلەن كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى كۆرسىتىپ، ـ مەن تېخنىكلارنى ئەۋەتەي، تەكشۈرۈپ چىقسۇن، خەتەرلىك يەرلەرنى چىڭدايلى، تاش ـ سېمونت بىلەن قاتۇرايلى، ئاندىن كېيىن سۇ قىسناقمۇ بولىدۇ.

ـ بولمايدۇ دەيمەن سېكرېتار. ھازىرلا قىلمايمەن. بۈگۈن كۆلنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ زىياپەت تەييارلىدىم. دېيەنشىگە ئالىدىغانلارمۇ كەلدى. مېنىڭ ھاۋانى ئۆزگەرتىش پىلانىمنى قۇرۇق گەپ بىلەن قوللىمىلا نېمە؟

ـ بۇ نېمە دېگەنلىرى ئابلا ئۇستام؟ مەن سىلىگە ياخشى مەسلىھەت بېرىۋاتسام؟

ـ ئىشنى كەينىگە سۈرگەن ئادەمنى يامان كۆرىدىغان ئادىتىم بار، شۇجى. خاپا بولمىسىلا.

ـ مېنىڭمۇ ئۇستام ناچار ئادىتىم بار. ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمىغان ئادەمنى يامان كۆرىمەن. سۇ ئامبىرى، كۆل ياساش بىر خىل ئىلىم، ئۇستام. سۇنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى بار دەيمەن.

ـ خاپا بولمىسىلا، شۇ ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ سىرلىرىنى كۆزۈم بىر كۆرسۇن زادى، بۈگۈن سۇ قىناياي!

ـ ماقۇل، ـ دېدى سېكرېتار قاپىقىنى تۈرۈپ، ـ دېگىنىڭىز بولسۇن، ئەمما كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىسىز.

زىياپەتتە مەن خېلىلا ئىچىپ قويدۇم. ھەتتا ئۇستامنىمۇ ھە ـ ھۇ بىلەن ئىچۈرۈپ قويدۇق. ئۇستام كەيىپ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. كەچقۇرۇن شارقىراپ كۆلگە چۈشۈۋاتقان سۇغا زوق بىلەن قاراپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇنىڭ تورلاشقان، ئىچىملىكتىن ۋاقتىنچە جانلانغان چىرايىنى يورۇتقان، ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدە ھاياتتىن رازىمەنلىك ـ ئىشىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى چاقنىغان، ئۇ خۇشال، روھلانغان، بۇ خۇشاللىق بىلەن روھلىنىش ئۇنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىغا، تىترەڭگۈرەك چىققان ئاۋازىغا سىڭگەن؛ شۇڭا ئۇنىڭ ناخشىسى مېنى ۋە ئەتراپتىكىلەرنى ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى.

خۇش كۈندۇر بۇرادەرلەر،
كىشى جانانىغە يەتسە.
چېكىپ جەبرۇ ـ جاپالارنى،
بېرىپ مەستانىگە يەتسە!

ـ ئۆلمەك ئۇستام!
ـ ياشاپ كېتىڭ!
ـ مۇڭ، مۇڭ!

مانا بۇلار بىزدەك مەدھىيەچىلەرنىڭ ئاۋازى. بىز ئۇنى، سۈزۈك سۇ بىلەن تولۇۋاتقان كۆلنى، كۆل بويىدىكى يېڭى بىنا بولغان باغلارنى ۋە دەريا بويىدا ھاياتقا كۆز ئېچىپ ئۆرمۈشىمىزنى بېزەۋاتقان ھەر خىل دەرەخلەرنى، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ ھۆسنى ـ جامالى بىلەن پەخىرلىنىشنى خۇشاللىق ـ بەخت بىلىدىغان پاكىزە دىللارنى مەدھىيىلەشكە ھەقلىقمىز.

مەن بوۋاينىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال بولغىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ خۇشاللىقىدا قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقى، نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا دىققەت قىلدىم: ئۇ

ئىچ كىيىم بىلەن كۆلگە كىردى، تېخى سۇ ئۇنىڭ ئۇششۇقىنى كەلمىگەن تۇرسىمۇ ئۇ كىچىك بالىدەك كۆلنىڭ لاي سۈيىنى يۈزىگە، مەيدىسىگە چېچىپ ئوينىدى.

— بېلىقلار بىلەن ئويناشىمەن تېخى، غۇلاچ تاشلاپ ئۈزىمەن، قولۋاقمۇ سالىمەن، ھا ـ ھا ـ ھا ....!

بىزمۇ ئۇنى دوراپ كۆلگە كىردۇق. يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان بۇ بىر ئېرىق سۇ بىلەن بۇنچە يوغان كۆل قاچان تولاركىنتاڭ، مېنىڭمۇ بۇ كۆلدە ئۈزگۈم كەلدى.

- پاتقاقتا مىلىشىپ بالىلاردەك ئويناپ - كۈلۈپ يەنە داستىخانغا قايتىپ كېلىپ ھاراق ئىچتۇق.

ئابلا ئۇستام ئۆزىنىڭ ياشلىقىدا قىلغان شوخلۇقلىرى، نوچىلىقى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ سەپرا مىجەز، قوپال ئادەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھېسسىياتچان، قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ياشلىقىغا دائىر ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، مەندە ئىلھام ـ ئەسەر يېزىش ئىستىكى پەيدابولدى.

بۇ ئىستەك مېنى چەكسىز خۇشال قىلدى.

مەن يەنە ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدىم. دەرۋازىنى ئايالىم ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ خۇمالاشقان، روباشكا ئۈستىگە يېپىنچا قىلىۋالغان پوپايكىسى سېرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، مەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدىم:

— مەن يازغۇچى بولالايدىغان ئوخشايمەن. بۈگۈن ئابلا ئۇستامنى يازغۇچىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتتىم.

شېرىدىن نەرسىنىڭ چەكتىن ئېشىشى لاۋزىلىق بولىدىكەن. خۇشاللىقنىڭ چەكتىن ئېشىشى كۆڭۈلسىزلىككە ئاپىرىدىكەن.

ئەتىگەنلىكى شۇم خەۋەر كەلدى. مەن ۋېلىسىپىت بىلەن ئابلا ئۇستامنىڭ ئۆيىگە ئۇچتۇم. بارسام، ئۇستام ئۆيدە ياتقان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ ئارانلا كۆزىنى ئاچتى:

— تۈگىدى ...، — دېدى ئۇ كەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، — بىكار بولدى، ئېستا . . .

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنىلا كۆرەلىدىم. ئەمما ھېچنىمە چۈشەنمىدىم.

ئەھۋالنى بولەكچىلا شادلانغان چوڭ ئوغلى مەلۇم قىلدى: بىز كەتكەندىن كېيىن ئۇستام قولىغا قول چىراغ ئېلىپ يەنە كۆلگە بېرىپتۇ. كۆلگە كىرىۋاتقان سۇ ئۇلىغايغان، لېكىن كۆل سۈيى يەنىلا ئۇششۇقتا كەلمەپتۇ. تاڭغا يېقىن بوۋاي كۆلنى كېچىپ يۈرۈپ يار بويىدىن بىر گوداڭ بايقاپتۇ. سۇ شۇ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇ، گوداڭ گىرۋىكىنى پۇتى بىلەن دەسسەپ باققان ئىكەن، گىرۋەك گۇمۇرۇلۇپ بوۋاي بىر چوڭقۇر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۇ بىلەن لاي چۈشۈۋېرىپتۇ. ئۇ بىر سائەتتەك لاي بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆزىنى قوغداپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن ئەنسىرەپ ماڭغان تۇردى تېخىنىڭ بوۋاينى ئىزلەپ يۈرۈپ گوداڭ بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ، بولمىسا بوۋايمۇ تۈگىشەتتىكەن.

بىز ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆلدە سۇ توختىتالمىدۇق. كۆل چوڭ بىر پاتقاقلىققا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلگە كىرىۋاتقان بىر ئېرىق سۇمۇ توختاپ قالدى.

قىرىق نەچچە مىڭ سوم پۇل، شۇنچە ئەمگەك، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىز بىراقلا تۈگىدى. بوۋاي ھەسسىلەپ سەپرالاشتى. ئۇ

قېرىپ، مۈكچىيىپلا قالدى.

— قايتىدىن تېگىنى چېگداپ، قىرغاقلىرىنى تاش - سېمونت بىلەن قاتۇرۇپ چىقساق بۇنىڭغا يەنە 30 — 40 مىڭ سوم پۇل كېتىدىكەن، — دېدىمەن بوۋايغا تەسەللىي بېرىپ، — ناۋادا پۇلدىن قىسىلسىلىرى مەن بۇنچىلىك پۇلنى خەجلىيەلەيمەن.

— نېمە؟ سەن خەجلىمەسسەنا؟ سېنىڭ جۇۋاڭدا تەرلىمەيدىمەنا؟ ھە، راست، سەن ئوغرى سودىگەر كەنسەنغۇ، ئەپلەپ-سەپلەپ مېنىڭ ئېشىمنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالماقچىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟

— كىم سىزگە شۇنداق دېدى، مەن بىر ...

— ۋاي خوتۇنى تالاق ئوغرى، تېخى شوپۇرمەن دەيسىنا، نەچچە يەردە دۇكىنىڭ، ماشىناڭ، كاتتا قورو-جايىڭ بار ئىكەن، ھەممىنى بىلدىم، سېنىڭ نىيىتىڭنىمۇ بىلدىم. مۇشۇ مەن بىنا قىلغان ئورمان، كۆل، باغلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئېلىۋالماقچىسەن، سەن بۇ يەرگە مېھمانخانا، ئاشخانا، تانسىخانا، پاھىشىخانا قۇرماقچىمۇ؟ مەن ھاۋانى ياخشىلاشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، سەنزە بۇلغاشنىڭ كويىدا. ۋاي قان ساتىدىغان، ئادەم ساتىدىغان ئالدامچى - قىزىلكۆز!

— ئىلىمىسىلا دەيمەن ئۇستام، مەن سىلىگە مەقسىتىمنى دەپ باقاي!

— ئاناڭغا دە، خوتۇنىڭغا دە! ماڭ، يوقال. ساڭا ئوخشاش نىيىتى يامانغا دەيدىغان گېپىم يوق، قارايدىغان كۆزۈم يوق، سېنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن يەردىن شۇمبۇيا ئۈنۈپ چىقىدۇ دەيمەن، كۆزۈمدىن تېز يوقال!

مەن غالىلداپ تىترىدىم، لېكىن گەپ ياندۇرمىدىم. بوۋايغا بولغان پۈتۈن ھۆرمەت-مۇھەببىتىم غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندى. مەن چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىمنى ئالايتىپ، مۇشتۇملىرىمنى چىڭ تۈگۈپ مۇنۇ بەغەرەز قېرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىمنى ئىپادىلىدىم. مەن نېمىلەرنى قىلمىغان؟ ئېشەك ھارۋىدا كۆمۈر سېتىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا تىل، مۇشتلىشىش دېگەنلەر مەن ئۈچۈن نان - چاي ئىدى. قايتا تەربىيىدىن قېچىپ كېلىپ خەنزۇ بازىرىدا؟ كاۋاپچىلىق قىلغان چاغلىرىمدىچۇ؟ ماڭا دىۋىمۇ چاشقان كۆرۈنەتتى، قورقۇمسىز، قارام كوچا لۈكچەكى ئىدىم. يازغۇچى بولمىسام دېگەن بىر ئىرادىنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغان بولسام، مۇنۇ قېرىنى ئېغىزچىشىمدا چاينىپ-پۈركۈپ تاشلىماسمىدىم!

— شۇنىڭغىمۇ خاپا بولامسىز؟ — دېدى ئايالىم مېنىڭ غەزەپتىن دىك - دىك بولغان چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — بوۋاينىڭ ئوبرازىنىڭ تەكەممۇللىشىۋاتقانلىقى مانا شۇ سىزنى تىللاشتا ئىپادىلىنىپتۇ. قاراڭا ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببىتىنى. سىزدىمۇ يازغۇچى بولۇشقا ئەنە شۇنداق ئىشتىياق بولۇشى كېرەك ئىدى. نېمىشقا سىز بوۋاينىڭ بۇ ھالىتىنى يازغۇچىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، يازغۇچىنىڭ كاللىسى بىلەن ئويلاپ باقمايسىز؟ ئۇ نېمىشكە سىزدىن نەپرەتلەندى؟ ئۇ سىزنى چۈشەنمىدى، خاتا چۈشەندى. سودىگەر ئەلۋەتتە بىرسىگە بىكاردىنلا ئىشلىمەيدۇ، پۇل بەرمەيدۇ، بوۋاينىڭ نەزىرىدە سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىز بىر خىل سودا. سىز گويا ئۇنى قىلتاققا دەسسىتىمەكچى!

— ئەخمەق قېرى، تەرسا قېرى!

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، سۆيۈملۈك قېرى، ئوبدان قېرى دەڭ. سىز ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر قەدىرلەڭ، ھۆرمەتلەڭ!

ئايالىمنىڭ دېگەنلىرى بىر ئايدىن كېيىن مېنىڭ پىكرىمگە ئايلىنالىدى.

مەن بۇ قېتىم ماشىنامغا ئولتۇرۇپ «كۆل» بويىغا كەلدىم. كۈزلۈك كۆچەت تىكىش پەسلى ئىدى. بوۋاينىڭ ئادەملىرى كۆلگە شاپتۇل كۆچىتى قويۇۋاتقان ئىكەن. نەچچە مىڭ تۈپ شاپتۇل كۆچىتى ئازگال - مۇنبەت يەرگە تىكىلگەن. بوۋاينى كۆرمىدىم، لېكىن قەلبىمدە يەنە ھۆرمەت - مۇھەببەت ئۇچقۇنلىدى، ئىلاھىم ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقسۇن.

— جاھاننىڭ قويىنى شۇنچە كەڭ، ھەي خوتۇنى تالاق، سەن نېمىشقا مېنىڭلا پېيىمدا يۈرىسەن؟

بوۋاي قولىدا كەتمەن، چاڭ - توزانغا مىلەنگەن ھالدا ماشىنامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كۆرگەنسەن، شاپتۇللىرىم كېلەر يىلى مېۋىگە كىرىدۇ، ھەممە زىيانلىرىمنى تۆلىۋالايمەن. مەن ھازىر ئۈچ يۈز مو يەرنىڭ خوجايىنى، دەرەخلىرىم يۈزمىڭ تۈپتىن ئېشىدۇ. قارىغىنا، دەريانىڭ يولىنى توسىدىم. مەن چوڭ خوجايىن. ئەمما سەن خوتۇنى تالاق، مەندىن ئەمەس، مېنىڭ نەۋرىلىرىمدىنمۇ ئالقاندەك يەر ئالالمايسەن!

— مەن يەر ئالماقچى ئەمەس ئۇستام. مېنىڭ ھەقسىتىم سىزدىن ئۆگىنىش، سىزنى مەدھىيىلەش!

— نېمە، مەدھىيىلەش دېدىڭما؟ خۇددى شائىردەك گەپ قىلىسىنا، سودىگەرنىڭ بۇ گېپىنى قىلغىنى قىزىق - ھە؟ سەن خەقنى بىلمەمدىمەن؟ سەن خوتۇنى تالاقلارنىڭ چىرايلىق گەپلىرىڭمۇ مالغا باھا قويغانغا ئوخشاشلا سودا.

— بىز قاچانغىچە بىر - بىرىمىزنى چۈشەن-

مەيلى ئۇستام - دېدىم مەن ماشىنىمدىن چۈشۈپ، - ئالىمەن دېسەم ماڭا يەر جىق!

— لېكىن بۇندىقى يوق - دېدى بوۋاي دەرھال گېپىمنى بۆلۈپ، - دەريا، ئورمان، سايراپ تۇرغان قۇشلار، غۇر - غۇر شامال... بۇنداق قاملاشقان يەر نەدە بار؟

— مەن بىر نېمە يازاي دەپ...

— يازساڭ ئۆيۈڭدە يازمامسەن، - دېدى ئۇ يەنە گېپىمنى بۆلۈپ، - سېنىڭ نېمە يازىدىغىنىڭنى بىلمەمدىمەن، سەن دېسەم دېمەسەم مېنىڭ ئۇستۇمدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز يازىسەن - دە!

— نېمىشقا بۇنداق ئويلايلا ئۇستام؟

— نېمىشقا دەمسىنا؟ ھېلىقى لېنتىغا ئېلىۋالغان گەپلىرىمنى قانچىگە ساتتىڭ سەن ئوغرى؟

— قانداق لېنتا، قانداق گەپ بۇ؟

مەن ھودۇقۇشقا باشلىدىم. بوۋاي ئاچچىق كۈلدى:

— مېنى ياماندۇ دېمە، ھەممىنى بىلىمەن. ئۆزۈڭنى تولىمۇ دانا ھېسابلايدىكەنسەن - دە؟ مەن سەندىنمۇ دانا، ئەكەل ھېلىقى لېنتىلارنى!

مەن دەرھال ماشىنامغا چىقتىم. ھەيرانمەن، مېنىڭ ئۈنئالغۇ بىلەن ماتېرىيال ئۈچۈن توپلىغان سۆزلىرىنىمۇ بىلىپ بوپتۇ. كىم بۇ ئىشلارنى بوۋايغا يەتكۈزگەندۇر - ھە؟ كىمنىڭ يەتكۈزگەنلىكىنى مۇھىممىدى، مۇنۇ بوۋاينىڭ مېنى چۈشىنىشنى خالىمىغانلىقى ئەلەم قىلىدۇ.

پۈتۈن ياز، كۈز پەسىللىرى بوۋاينىڭكىگە قاتراش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۆز تىجارىتىمنى تامامەن ياردەمچىمگە تاشلاپ بەردىم. پۈتۈن ئېسىم - خىيالىم ئابلا ئۇستامدىلا بولۇپ قالدى. بەزى كۈنلىرى: «نېمە

قىلاي، بۇ ئالىجوقى قېرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇ بىر 90 - يىللارنىڭ دونكىخوتى، يازىمەن دېسەم ئادەم بىلەن ۋەقە دېگەن سامانىدەكقۇ، بولدىلا، باشقا ئىش قىلاي» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىسەن، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئايالىمنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ تېرىكىشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرىنى بىلمىسىڭىز نېمە بولاتتى، توۋا، كۆرىدىگىزغۇ، كۆل ئورنىغا شاپتۇللۇق پەيدابوپتۇ. نېمىلا بولمىسۇن يېڭىلىپتۇ ... ها - ها - ها... باشقا ئىش قىلىڭ ئەمدى! — دېدى.

— ئۇنىڭ ھاۋا يېڭىلاش پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق!

مەن قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىجارەت بىلەن گۇاڭجۇغا كەتتىم.

## 2 - باب

غەلىتە بولۇپ قالدىم: ھەممىلا ئادەم ماڭا سۈنئىيدەك، ھەممىلا ئىش توقۇلمىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۆزۈمنىمۇ كىتابلاردىكى بىر «پېرسوناژ» دېگىم كېلىدۇ. كىتابنى كۆپ ئوقۇغانلىقىمدىنمۇ ياكى تۇرمۇشقا «يازغۇچىنىڭ كۆزى» بىلەن قاراشقا ئادەتلىنىۋاتقانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ئەشقىلىپ بۇنىڭ سەۋەبى ماڭا بەلگىسىز...

مەن «ئالاھىدە خاراكتېرى بار» ئادەملەرنى كۆپرەك ئىزدەيمەن. ھەمىشىلا تۇتۇلۇپلا يۈرىدىغان سامسەچى ئۇستىلىمۇ، تۆمەنلەپ پۇل زىيان تارتسىمۇ ھېجىراپ كۈلۈپلا يۈرىدىغان جامال ۋاسكىچىمۇ، جېدەل - ماجرانى ئىزلەپلا يۈرىدىغان، شۇڭا يۈزىدىن يارا بىلەن كۆك يوقالمايدىغان تۇرسۇن جودامۇ، شەيتاننىمۇ ئالدىيالايدىغان، شۇڭا ھېسابسىز بېيىپ كەتكەن يارى شەپتانمۇ «ئالاھىدە خاراكتېرلىك» ئادەملەر، لېكىن ئۇلارنى ئەسەر قەھرىمانى قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ مەسخىرە قىلىپ يازسام ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەر ئىچىدىن ئەسەر ئۈچۈن «قەھرىمان» ئىزلەشكە قىزىقمايمەن. يەنە نېمە ئۈچۈن ئەسەرلەر ئىچىدە ياشايدىغاندىمەن، بۇنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. يەنە كېلىپ نېمىلا ئوقۇسام، نېمىنىلا ئويلىسام كۆز ئالدىمغا ئابلا ئۇستام كېلىۋالىدۇ، ئۇ ھازىر مېنىڭ سايەم: ئەس - خىيالىم ئۇنىڭ ئىشىدا، ئۇنىڭ كۆلى، ئورمانلىقى، سوغۇق چىرايى ئويغۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ مەن بىلەن بىللە، گويا ئۇ قىز، مەن ئۇنىڭغا ئاشىق يىگىت. ھەر مىنۇت ۋاقتىم ئۇنىڭسىز ئۆتمەيدۇ. بۇ يەردە بۇ قىش ئوقەتىم ياخشى بولدى. ئالغان پايدام ئارزۇ قىلغىنىمدىن تولىمۇ كۆپ. شىنجېن بىلەن گۇاڭجۇ ئارىلىقىدا مەيلى پويىزدا، مەيلى ماشىنىدا ماڭاي، ياپيېشىل باغلار، لىمشوپ ئېقىۋاتقان دەريالارنى كۆرسەملا ئۆزۈمنى ئىلى دەرياسى بويىدا، ئابلا ئۇستامنىڭ بېغىدا ھېس قىلىمەن - دە، ئالغان پايدام، يۈرۈشۈۋاتقان ئوقەتىم يادىمدىن تېزلا كۆتۈرۈلىدۇ - دە، مەن مەنىۋى ھايات ئىچىگە كىرىپ كېتىمەن. ئابلا ئۇستامنى ئەسەر قەھرىمانى قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيمەن. ئاخىر ئۇزاق قىينىلىشتىن كېيىن مېھمانخانىدىكى ياتىقىمدا ئولتۇرۇۋېلىپ تۇنجى «ئەسىرىم»نى يېزىشقا باشلىدىم. يېزىپ بولسام خىيالدىن قۇتۇلارمەن دېگەن نىيەتتە ئىدىم، لېكىن يېزىپ بولۇپ، يازغىنىمغا «پوۋېست» دەپ نام قويغاندىن كېيىن ئىشنىڭ چوڭىنى تاپتىم. ئابلا ئۇستام «ھاۋا يېڭىلىغۇچى» بولماي قالدى. ئۇ جاپا - مۇشەققەت بىلەن كۈرەش قىلغۇچى بىر قارام شەخس بولۇپ قالدى. قايتا - قايتا ئوقۇساممۇ ئابلا ئۇستام دونكىخوتقا تەقلىد قىلىنغان بىر ئوبراز بولۇپ قالدى.

ئاھ، يازغۇچى بولماق تەسكەن، «قىزغىنلىق، ماتېرىيال بولسىلا يازغىلى بولىدۇ» دېگەنلەر ساۋاتسىزلاركەن. «كۆپ ئوقۇسالا يازغۇچى بولالايسەن» دېگەنلەرمۇ يازغۇچىنى چۈشەنمىگەنلەر ئىكەن. «يازغۇچى بولسام نېمە بولاتتى؟» دەپ ئويلاپمۇ باقىمەن. لېكىن ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئۆزۈم كۆزگە ئىلمايدىغان، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان بولۇپ قالمىغان. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى ئۆزۈڭ قىلالمىساڭ، ھەۋەسىڭنىڭ چېچەكلىشىگە سۇ بېرەلمىسەڭ سېنىڭ ياشىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ سېنىڭ نېمەڭ ئادەم؟ خىلمۇ خىل سوئاللار مېنى ئەيىبلەيدۇ.

— بىر چوڭ يازغۇچى كەپتۇ، ھەي مېھمان قىلمۇۋالساڭچۇ؟

— ماقۇل، ئاداش. نەگە چۈشۈپتۇ؟

— مۇسۇلمان مېھمانخانىسىغا، — دېدى يارى شەيتان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — بۈگۈن كەچكە باشلاپ كېلەيمۇ؟

— ياق، جۇر ئاداش، ھازىرلا!

بىز تاكسى بىلەن يېرىم سائەتكە قالماي يازغۇچىنىڭ ياتىقىغا كەلدۇق، يازغۇچى راستلا مەن چوقۇنىدىغان ھېلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆزى. مەن ئۇنى «جەنۇب رېستورانى»نىڭ بىر كۈنلۈكى بىر يۈز ئاتمىش سوملۇق بىر ئۆيىگە ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم: «شۇنچە پايدا ئاپتىمەن، مىللىتىمىزنىڭ بۇ غورۇرىغا ئىككى - ئۈچ تۈمەن خەجلىسەم نېمە بولاتتى» دېسەم، يارى شەيتان قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مەردلىككە مەيدان تېپىلدى، ئاداش زىياپەتلەرنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، ئىككىنچى دەرىجىلىك كۈتۈلەمدۇ، بىرىنچى دەرىجىلىكمۇ، ھا - ھا - ھا، — دەپ كۈلدى.

— سۆھبەت، غىزا ياخشى بولدى، ئەمما لېكىن ھېلىقىدەك سەتەڭلەر يېقىن يولىما

سۇن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ.

بىرىنچى كۈنىلا مەن يازغۇچىغا قولىيازمامنى بەردىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن يازغۇچى ماڭا جاۋاب بەردى:

— مېھمان قىلغىنىڭىزغا چۈشلۇق مەختەسام، ھەتتا ئەسىرىڭىزنى تېزەپ - يامەپ بىرەر ژۇرنالغا چىقىرىشقا ۋەدە بەرسەم خۇشال بولىسىز، لېكىن...

— ماڭا كېيىنكى ئاشۇ «لېكىن»دىن كېيىنكىنى كېپىڭىز، ئاكا.

— ئۇنداقتا، سىز ھەۋەس باسقۇچىدا ئۇزاقراق تۇرىدىغان ئوخشايسىز.

— بىر ئۆمۈر تۇرۇشقىمۇ رازىمەن.

— يارايسىز ئۇكام. يازغۇچى ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى شەرت ئۆزىنى بىلىش. يەنى ئۆز ئورنىغا ئۆزى توغرا باھا بېرىش. مەن سىزگە يۈزە تەسىراتىم بىلەن باھا بېرەلەيمەن، قارىشىمغا ئېيتاي: سىز ھەۋەستە ئەسىرى ئېلان قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن ھەۋەسكارلاردىن، ھەتتا ئۆزىنى يازغۇچى دەپ ئاتىۋالغان بەزى كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن كۆپ ئۈستۈنسىز. لېكىن ماھارەت، تالانتتا تېخى خام ئىكەنسىز. سىز ماڭا ئابلا ئۇستام توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ، مەن ماتېرىيال بىلەن ئىجادىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى بىلىپ باقاي.

مەن يازغۇچىغا ئابلا ئۇستام توغرىسىدىكى ھەممە «ماتېرىيال»لىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— ياخشى ئىشلار دۆۋىسى! — دېدى يازغۇچى بېشىنى سىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇستامنىڭ قەلبىدىكى نازۇك سىرلارنى تېخى ئىگىلىمىگەن ئوخشايسىز. ئايالىڭىز سىزگە قارىغاندا بۇ تەرەپكە دىققەت قىلىپتۇ.

«راست يازغۇچىكەن» دېدىم مەن بۇ ئادەمگە قايىل بولۇپ.

مەن يازغۇچى بىلەن ئون كۈن بىللە يۈردۈم.

ۋاقىت تېز ئۆتتى، مەن «تېز» ۋاقىت ئىچىدە ئۆزۈمنى ياخشى بىلىۋالدىم. مەن يازغۇچى بولۇشقا قايتىدىن بەل باغلىدىم.

— ھەر كۈنى ھېچ بولمىسا يېزىق ئۈستەلىگىمىزدە ئىككى - ئۈچ سائەت ئولتۇرۇشىمىز كېرەك! — دېگەن ئىدى يازغۇچى قايسىبىر مەشھۇر يازغۇچىنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ.

مانا گۇاڭجۇدىكى ياتىقىمدا ھەر كۈنى ئىككى — ئۈچ سائەت يېزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. يازغانلىرىم خاتىرە. بۇ خىل خاتىرىلەردىن يازغۇچىلار رومان - پوۋېستلارنى پۈتتۈرىدىكەنغۇ.

بۈگۈن ئۆيدىن خەت كەلدى. ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغان سۆيۈملۈك ئايالىم ھامان مېنىڭ غېمىمدە. ئۇ، خېتىدە يەنە شۇ مەن قىزىقىدىغان ئىش — ئابلا ئۇستامنىڭ «ھاۋا يېڭىلاش» ئىشى توغرىسىدا يېزىپتۇ. ئۇنىڭ خېتىدىن ئابلا ئۇستام توغرىسىدىكى قۇرلارنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ قويدۇم:

يەكشەنبە كۈنى قىزلىرىمنى باشلاپ ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئىستىراھەت بېغىغا سەيلىگە باردىم. كۆۋرۈك يېنىدا باغقا كىرىشكە يىگىرمە تىيىندىن بېلەت سېتىلىۋاتقان ئىكەن. مەن بېلەت ئېلىپ قىزلارنى باغقا باشلاپ كىردىم. باغ دېگىنىمىز ھېلىقى ئابلا ئۇستانىڭ كۆتۈرە ئالغان ئورمانلىقى. ئۇ يەردە ھازىر تال، قارىياغاچ، جىگدىلەر بۈك - باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ. يول - يول تىكىلگەن ھەر خىل دەرەخلەر ئارىسىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغان. بولۇپمۇ دەريا بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇش تولىمۇ راھەت ئىكەن. قىزلىرىم بىلەن يەرگە ئەدىيال سېلىپ، يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى يېيىپ ئولتۇرۇپ يەكشەنبىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. توۋا، دەريا بويىنىڭ ھاۋاسى راستىنلا ئاجايىپ ياخشى ئىكەن. ئىس، قۇيۇقا ھىدى يوق، چېچەك ۋە ئەتىر ھىدى بار. بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرىچۇ تېخى؟ دەريا بويىنىڭ بۇلبۇللىرى بىزنىڭ باغىمىزدىكىدىن خۇشناۋا ئىكەن. بۇ يەردە ئادەم شۇنچىلىك تولا، ناخشا - كۈلكە، ئۇسسۇل-سازئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. مېنىڭ شېئىر يازغىم كەلدى. گۈلباھار بىلەن سەنەممۇ شېئىر يازدى. گۈزەل بولسا دەريادا كېتىپ بارغان سالچىلارنى قوشۇپ مەنزىرە رەسىمى سىزدى. بىزگە ئىلھام بەرگەن بۇ باغنىڭ ساپ ھاۋاسى، بۇ باغنى بىنا قىلغان ئەلۋەتتە ئابلا ئۇستام - دە. مەن ياناشىمدا ئابلا ئۇستامنىڭ شاپتۇللۇق ئارىسىغا ياسىۋالغان كەپىسىگە كەلدىم. بوۋاي تۆت تال تېرەك تۈۋرۈك بىلەن ياسالغان قوپال كەپىسىگە ياغاچ كارىۋات قويۇپ كىلەم ئۈستىدە يالىڭاياغ پېتى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالدى ۋە ماختىنىشقا باشلىدى:

— كۈنىگە 2 — 3 يۈز سوملۇق بېلەت سېتىلماقتا. پۇلغۇ چاغلىق گەپ. ئادەملەرنىڭ بۇياققا قاراپ ئاققىنىنى دېمەمسىلا. 200 مونى كېلەر يىل ئەتىيازغىچە 500 مو قىلىمەن. قەشقەرنىڭ ئىمارەتچىلىرىنى ئەكېلىپ راۋاق ياسىتىمەن. يولنىڭ ئىككى قانىتىنى قارىغاي-ئارچا، قىزىلگۈل - ئەتىرگۈلگە كۆمىمەن. بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى، دەرياغا ماتورلۇق قېيىق سالىمەن. مېۋە - چېۋە دۇكانلىرى، كاۋابخانا، چايخانىلارنى قۇرىمەن. يەكشەنبە بولسا شەھەردە ئادەم قالمايدىغان قىلىۋېتىمەن. پاكىزە ھاۋاغا كىم ئۆزىنى ئاتمايدىكەن؟...

ئايالىمنىڭ خېتىنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋېتىپ ئەتىلا يۇرتۇمغا ماڭغىم كەلدى. يۇرتۇمغا بېرىپ ئابلا ئۇستامغا مەسلىھەت بەرسەم، گۇاڭجۇ، خاڭجۇ، شاڭخەي، سۇجۇ، بېيجىڭلاردىكى ئاجايىپ باغلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى

سۆزلەپ بەرسەم، باغلارنىڭ چوڭايتىلغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى قىش - ياز ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان سەيلە - ئارام ماكانى قىلىپ چىقىشقا كۈچ چىقارسام، تاشلىق يەرگە بىنا بولغان ئاشۇ باغنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئىنسان ئەجرىنىڭ شاراپىتىدىن ئىلھاملىنىپ خەلقىم ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەر يازالىسام، دەپ ئارمان قىلىمەن. ھېلقى يازغۇچى توغرا ئېيتىدۇ: ئۆلمەس ئەسەر ھاياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى، يازغۇچى ئۆزىلا بىلگەن ۋە ئىپادىلىمىسەم بولمايدۇ دەپ قارىغان ھايات كۆرۈنۈشىنىڭ پاكىزە قان ۋە ھالال ئەجىردە سەنئەت يولى بىلەن قايتا پەيدا بولۇشى. بۇ خىل پەيدا بولۇش بىلەن قاقاس يەردە باغ پەيدا بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نەدىكىن، ئۇنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما ئوخشاشلىق بىرلا: ئۇ ساختىلىق ۋە ھىيلە - نەيرەڭنى يات بىلىدىغان ھالال ئەمگەك، ئوتلۇق مۇھەببەت. ئۇنىڭسىز لەززەت، گۈزەللىك، مەڭگۈلۈك ھايات مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئەجىر بىلەن مۇھەببەتنى ئۆزىگە بىر جۈپ قانات قىلغان ئادەملا قەدىر - قىممەت بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرالايدۇ. قەدىر - قىممەتنىڭ ئېشىپ دۈشمەنلىرىك چوڭايمىسا ھايات تەكپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلىدۇ. غالىبلار شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ، ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ داد - پەريادلىرى ئۈستىدىن كۈلەلەيدۇ. دۈشمەنسىز يۈرەك توختام سۇ، ياكى ئۈمىدسىز ياتقان قەبرى ئىت. مۇنداق يۈرەكنىڭ ساداسىمۇ پاقىنىڭ كۈركىرىشىغا ئوخشايدۇ...

مەن تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئوقۇپ تەقلىدكە بېرىلىپ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا مېنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېساپلىۋالغان ئابلا ئۇستامنى يەنە ئەسلىدىم. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ خۇددى ئەمەن پېچايىنىۋالغاندەك چىراي ئۆزگەرتكىنىنى كۆرگەندەك، يەنە ئۇنىڭ:

— مەن ھاۋانى ياخشىلاش ھەلەكچىلىكىدە، سەن زە بۇلغاشنىڭ كويىدا. ۋاي قان ساتىدىغان، ئادەم ساتىدىغان ئالدامچى، قىزىلكۆزلەر! دەپ ۋارقىرىغان ھاقارەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. شۇ چاغدا غەزىپىمنى قوزغىغان بۇ چىراي بىلەن ئاۋاز ھازىر ماڭا سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك بىلىنمەكتە. مەن بۇ ۋاينى سېغىندىم. ئۇنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن: مەن ئۇنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئۇ ھەم مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس.

— مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم باشقىلارغا سۈنئىي ۋە رومانتىك ئارزۇ بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ سۆزلەرگە مېنىڭ قەلب تەشنالىقىم سىڭگەن.

يازغۇچى بولماق يالغۇز يېزىش ئىستىكى بىلەن مەست بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان ئوخشايدۇ. كىشى بىرەر خىيالىي دۇنياغا كىرىپ يات بىر ھاياتقا، يات بىر ئادەملەرگە ئاشىق بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ھايات پۈتۈنلەي خىيال، بۇ ئادەملەرمۇ ساڭا يوچۇن بولىدىغان ئوخشايدۇ. ماڭا ئاجايىپ بىر ئىستەك ياماشتى: مەن سودا - سېتىقتىن نۇرغۇن پايدا ئالدىم. تۇنۇگۈن مېنىڭ خىزمەتچىم كىرىپ شىنجاڭدىن گۇاڭجۇغا يۆتكىگەن ئالتە ماشىنا رەختتىن بىر نەچچە تۈمەن پايدا قالغانلىقىنى، شىنجاڭغا يۆتكەلگەن رەختلەرنىڭمۇ پويىزغا چىقىپ بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ دېمەك ئۈرۈمچى، غۇلجىلاردا يەنە بىر نەچچە تۈمەن پايدا بىزنى كۈتۈۋاتقىنىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېرىم يىل ئىچىدىلا بايلىقىم نەچچە ئون تۈمەن ئاشتى. بىكاردىن كىرگەن پۇلنى نېمىشقا ئابلا ئۇستامنىڭ بېغىغا خەجلىمەيمەن؟

مەن پۇل خەجلىمەكچى بولۇپ بىر گۈزەل باغچىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتىم. كۆڭگۈمدىكى بۇ باغچىدا بۇ يەرگە ئىسلام دىنىنى ئەكىرگۈچى سەيدىۋاققاس ئىسىملىك ئەرەبنىڭ ئىسمى تاشقا ئويۇلغان. مەن ئىلى دەرياسى بويىدا پەيدا بولغۇسى بۇ گۈزەل باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا نېمىشقا ئابلا ئۇستامنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزالمىغىدەكمەن. ئەلۋەتتە بىزدە ھەيكەل قاتۇرۇش ئومۇملاشمىغان. مەشھۇر ئادەملەرنىڭلا ھەيكەللىرى بار، ئادەتتىكى تۆھپىكارلارنىڭ ھەيكىلى تېخى يوق (ياكى ئاز). ئابلا ئۇستامدەك بىر مەشچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھاياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا. لېكىن ھايات قاتلىمىنىڭ يۇقىرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئەڭ ناچار ئەمەلىيەتلىرى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تەييارتاپلاردىن بۇ ئادەم ئۇلۇغ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئادەم «ھاۋا يىغىلايمەن» دېسە، ھېلقى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر «ئۆي يىغىلايمەن»، «ماشىنا يىغىلايمەن»، «مەنسەپ يىغىلايمەن»، «خوتۇن، يارۇ - بۇرادەر يىغىلايمەن» دېيىشىدۇ. بۇ ئېنىق سېلىشتۇرمىنى ھېس قىلىدىغانلار كۆپ، لېكىن خەلققە ئاۋازلىق ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلار ئاز. دۇنيادا ئۆلمەس كەشپىيات يارىتىپ دۇنيانىڭ بىر ئازمۇ راھىتىنى كۆرمىگەن ئۇلۇغلارنىڭ تولىسى ئاددىي، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر. ئابلا ئۇستام ئۆمۈر بويى قەلەي، بولقا بىلەن ھەپىلىشىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا پۇت - قولىنى سۇنۇپ يېتىپ لەززەت سۈرۈشنىڭ ئورنىغا «ھاۋا يىغىلايمەن» دەپ ئۆزىگە - ئۆزى جاپا تېپىپ يۈرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ «يىغىلانغان» ھاۋادىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىمىدىغاندۇ؟ ياق، ئويلىمىسا كېرەك. ئۇ ئادەمۇ ھېلقى ھۆرمەتلىك يازغۇچىدەك، ھايات لەززىتى ئۇنىڭ خىيالىدا يوق. مەن يازغۇچى بولۇشقا بەل باغلىغان ئىكەنمەن، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن سىرلارنى بولۇپمۇ ئەڭ گۈزەل سىرلارنى بىلىشىم، يېشىشىم كېرەك. سىرلارنى يېشىش ئەلۋەتتە تەس. چوڭ گەپ قىلماققا قارىغاندا، ئەلۋەتتە نەچچە ھەسسە تەس. لېكىن تەس نەرسىنى ئىزدىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئادەم...

مۇنۇ ئەركە - تايتاڭ قىزلار بەدىنىنى ئارقىلىق پۇلغا ئىگە بولۇشنىڭ كويىدا. ئاۋۇ چىمەنلىكتە يېتىشقان بولاكچىلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك ھەققىنى ۋەھشىلىك بىلەن تارتىۋېلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. ئاۋۇ تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ ماشىنىغا كۆرەڭلەپ كىرىۋاتقان چىرايلىق يىگىت ھەمراھلىرىنى ئالداشنىڭ كويىدا... بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ھاياتتىن كۆپرەك لەززەت تېپىش خىيالىدا. ئۇلارنىڭ خىيالىدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئۆز لەززىتىگە شېرىك قىلمايدۇ. مانا مۇشۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئادەم ھېسابلايدۇ. مەن ئۇلارغا: سىلەر ئىنسانىي پەزىلەت قاتلىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ھايۋانلارغا ئەڭ يېقىن، دېسەم ئۇلار بۇ راست گېپىمنى ھاقارەت، تۆھمەت دەپ چۈشىنىپ مېنى ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىشىدۇ. ئابلا ئۇستام ئۆزىنى بەلكى ھېچكىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقمىغاندۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلاي: ئۇستام سىز مەندىنمۇ يۈكسەك ئورۇندا، سىزنىڭ تىل - ئاھانىتىڭىز مەن ئۈچۈن مۇكاپات!

دۇرۇس سىز چوڭ گەپ، قۇرۇق نەزەرىيە ساتمايسىز، سىزنىڭ ئەڭ چىرايلىق گېپىڭىز ئاشۇ: «ھاۋا يىغىلايمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆز. بىلىم ئىپادىڭىزمۇ، ھايات قارىشىڭىزمۇ، ئەخلاق - پەزىلىتىڭىزمۇ مۇشۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. سىزنى ئۆز قەلبىنى سۆزلەر دۈۋىسى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە

ئامراق ئادەملەرگە سېلىشتۇرسام، ئۇلارمۇ ھېلىقى قىزلار، بولاقچىلار، تەكەببۇر ئالدامچىلاردىن ئانچە پەرقلىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرۈنۈش كويىدا، ئەمما ئۇسۇللىرى ھەر خىل. سىز بولسىڭىز شۇنچە ئاددىي، شۇنچە ئۇلۇغ. ئاڭلىسام تۇردى تېخىنىڭ سىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ياردەمچىڭىز بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ سىزگە قىلغان ياردىمى چوڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن نېمىلا قىلمىسۇن سىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭىزگە يەتمەسلىكى مۇمكىن...

«ئەسەر قەھرىمانلىرىنى ئالدىنئالا ئىجابىي، سەلبىي دەپ بېكىتىۋالماسلىق كېرەك، ئادەملەرنى شۇنداق زېئال، شۇنداق خاسلىقى بىلەن راست يېزىڭ، — دېگەن ئىدى ھېلىقى يازغۇچى، — كىتابخانلار ئىجابىي، سەلبىي نەرسىلەرنى ئۆزلىرى تاللىۋالسۇن. بەلكى سىز مەدھىيىلىگەن ئادەملەردىن بەزى كىتابخانلار يىرگىنەر، سىز نەپرەتلىنىپ يازغان بەزى پېرسوناژلار بەزى ئادەملەرنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن ھۆرمىتىنى قوزغاپمۇ قويار. بىر پېرسوناژنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى كۆپرەك، يەنە بىرسىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ كىملەرنى سۆيۈپ، كىملەرنى يامان كۆرۈشىنى ھېچقاچان ئاپتور بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەن «تىنچ دون»دىكى گرىگورىي بىلەن ئاكسىنيىگە ھېسداشلىق قىلىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجابىي ئىشلىرى ۋە ئىجابىي تەرىپىنى دەپ بېرەلمەيمەن...»

مېنىڭ ئەسىرىمنىڭ قەھرىمانى ئابلا ئۇستام كونكرېت ئادەم. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈملە «ھاۋا يېغلايمەن» دېگەن سۆزى بىلەن بۇ سۆزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۆزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى بىلەن سۆزلىرىدىن باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغىدەك نېمىلەرنى تاپقىلى بولارمۇ؟ لېكىن مەن بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم (گەرچە ئۇ ئادەم مېنى تىللاپلا تۇرسىمۇ). مەن يازغۇچىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ ئادەمنى پەدەزلىمەستىن، سەنئەت يولى بىلەن قايتىدىن ئىپادىلىيەلىسەملا مېنىڭ ئەسىرىم ئا. تولستوينىڭ «رۇس خاراكتېرى» دېگەن ئەسىرىدەك ياكى تۋاردوۋسكىينىڭ «ۋاسىلىي چيوركىن» دېگەن داستانىدەك تەسىرچان ئەسەر بولۇپ چىقارمىش. يازغۇچىغا دېمەك ئاسان، لېكىن ماڭا يازماق تەس. مەن يازغۇچىنىڭ پىكرىنى ئالمىغان بولسام، بەلكى خالتا كوچا بىلەن ئىچكىرىلەپ كېتىۋەرگەن بولاتتىم. بۇ يەردە مەن سۆيۈملۈك يازغۇچىمنىمۇ ئىككى ئېغىز قۇرۇق سۆز بىلەن ماختاپ قوياي: سىز ماڭا يازغۇچى بولۇشنىڭ يېڭى يولىنى كۆرسەتتىڭىز. يازغۇچى ھاياتقا باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن قارىغۇچى ئەمەسكەن، بەلكى ھاياتقا ئاشىق - مۇھەببەت ئەھلىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغۇچى ئىكەن. ئۇ يەنە ھاياتنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ كۆزەتكۈچى ئەمەسكەن، بەلكى ھايات بېغىدا تەر تۆككۈچى ئىكەن. مۇھەببەت ئەھلى بىلەن تەر تۆككۈچىنىڭ بىرىكمىشى يازغۇچىنىڭ ۋۇجۇدى ئىكەن...

گۇاڭجۇدىن شاڭخەيگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلاندىن يەرگە قارىدىم: يېشىل يەر، كۆپكۆك سۇ ئاۋۇ سانسىز شەھەرلەرنى باقماقتا، دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ شەھەرلەر يېشىل يەرنى دەسسەپ، كۆپكۆك دەريا-كۆللەرنى يۇندا بىلەن بۇلغىماقتا. مۇھىت ئاسراش ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىدىم: دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى ئوتتۇز تۆت مىليارد توننا پاسكىنا سۇ دەريا-كۆللەرگە قويۇلىدىكەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى 21 شەھەردىن 100 مىڭ زاۋۇت «ئانا دەريا»غا يۇندا تۆكىدىكەن. ھازىر چاڭجياڭ دەرياسى

بېتىدە بەش يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بۇلغىنىش بەلبېغى پەيدا بولغان. شاڭخەيدىكى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىغا 50 مىليون تونىنا يۇندا قۇيۇلىدىكەن. بىچارە دەريا بىر يىلدا 150 كۈن قاپقارا، قىزىل، قوڭۇر رەڭدە ئاقىدىكەن.

پۇل تېپىش، باي بولۇش ھەلەكچىلىكىدە بەس-بەس بىلەن زاۋۇت قۇرۇپ، كان ئېچىپ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈۋاتقان مىليونلىغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىچىدىن ئابلا ئۇستاملاردىن نەچچىسى تېپىلاركىن؟ ئىنساننىڭ نەپسى چەكسىز، لېكىن تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن بايلىقنىڭ چېكى بار. دەريالار بۇلغىنىپ، كۆللەر قۇرۇپ، تاغلار يالىڭاچلىنىپ بولغاندا بىز پۇلدارلار نېمىدىن ھوزۇرلىنىمىز، نېمىدىن نەپەس ئالىمىز، نېمىدىن ئۇزۇقلىنىمىز، قەغەز پۇل شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىدەك گۈزەل كۆرۈنەرمۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدىغانلارنىڭ سانى قانچىكىن؟

مەن بۇلارنى ئويلىسام قورقىمەن، ئۆزۈمنىڭمۇ ئاشۇ بۇلغىغۇچىلار قاتاردا تۇرۇۋاتقىنىمنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولىمەن. مانا بۇنداق چاغدا ئابلا ئۇستام ماڭا تېخىمۇ سۆيۈملۈك ۋە ئۇلۇغ بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

مەن پۇلنى خەجلەيدىغان ئورۇن تاپالماي يۈرگەن شاڭخەيدىكى باي دوستلۇرۇم بىلەن مەسلىھەتلىشىش نىيىتىدە شاڭخەيدىكى ئەڭ ياخشى رېستوراندا زىياپەت تەييارلاش ئۈچۈن خىزمەتچىلىرىمگە بۇيرۇق بەردىم ۋە مەخسۇس باغاق تەييارلىدىم. باغاقنىڭ ئاخىرىدا، ئىسمىمنىڭ ئالدىغا «كەسپىي يازغۇچى» دېگەن سۆزنى يازدۇردۇم. مېنىڭ باغاقلىرىم بېيجىڭ، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، شىنجېنلارغىمۇ ئەۋەتىلدى. بۇ يۈز كىشىلىك زىياپەتتە مەن نۇتۇق سۆزلىمەكچىمەن. نۇتۇقتا جانلىق مىسساللار، سانلىق رەقەملەرنى توپلىدىم: پاھىشە، زەھەرلىك چېكىملىك، قىمارۋازلىق، يەپ-ئىچىش قا-تارلىقلارغا بىر كۈندە كېتىدىغان پۇل، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل باھانىلار بىلەن مۇسادىرە قىلىنغان ئومۇمىي پۇلنىڭ سانى، 30-40 مىڭدەك كۆزگە كۆرۈنگەن تىجارەتچىنىڭ بىر كۈندە تاپىدىغان ئومۇمىي پۇلى قاتارلىقلارنى ھېسابلاپ چىقتىم. مىليون-مىليون تاپىدىكەنمىز، مىليون-مىليون چاچىدىكەنمىز. مۇبادا ئون كۈن چاچقىنىمىزنى ئابلا ئۇستامغا تەقدىم قىلساق، ئىلى دەرياسى بويىدا مۇنداق كاتتا ساياھەت بېغى پەيدا بولغىدەك: بۈك ئورمانلىق، رەڭگارەڭ گۈللۈك، سۈنئىي تاغ، كۆللەر، 12 يەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان شىپاڭ-راۋاق، ئۇلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سېمونت يول، يول ئۈستى تۇرپان پاسونىدا ياسالغان تۆمۈر باراڭلىق تەكچىلەر؛ باغنىڭ دەرياغا تۇتاشقان تەرىپىدە مەجنۇنتال ۋە ئاكاتسىيلەر قويۇق ئۆسكەن، ئىككى تەرىپى چىمەنلىك ئۇزۇن كارىدور، كارىدور ئورۇندۇقلار بىلەن تولغان؛ باغ بىلەن يار ئارىسىدىكى تاشلىقتا ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆيلەر، زاللار ياسالغان. بۇ ئۆيلەر بىلەن زاللار رېستوران، رەسىمخانا، ئويۇنخانا، تانسىخانا؛ دەرياغا ماتورلۇق قولۋاقلار سېلىنغان، بۇ قولۋاقلار ئارقىلىق دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا پەيدا بولغان مۇشۇ باغقا ئوخشاش يەنە بىر جەنۇبىي باغقا ئۆتكىلى ياكى يۇقىرى تەرىپى جىرغىلاڭ، تۆۋەن تەرىپى زايومكىلارغا بارغىلى بولىدۇ...

بۇ ساياھەت ئورنى شىنجاڭدا بىرلا بولىدۇ. خەينەن ئۆلكىسىنىڭ تۇڭجا شەھىرىدىكى كىچىككىنە تاغ قاپتىلىغا قۇرۇلغان «دەم ئېلىش يېزىسى» ياكى سەنيا شەھىرىدە سېلىنغان مېھمانخانىلارنى نېمىشقا ئىلى دەرياسى بويىدىمۇ سالغىلى بولمايدىكەن؟...

مەن مېھمانخانىدىكى ئازادە ئىش خانامدا خىزمەتچىلىرىم ۋە دوستلىرىم بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ

ساياھەت بېغى توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشتىم، نۇرغۇن قېتىم پىلان تۈزدۈم. ئاخىر مېنىڭ پىكرىم ۋە يولىيورۇقۇم بىلەن بىر ئۇستا رەسسام بولغۇسى باغنىڭ چوڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئاپىرىن، سۆزلىرىمىزنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان چېغى، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى باغ پەيدا بوپتۇ.

ماي ئېيىنىڭ بېشىدا مېنىڭ باغاقلىرىم قولىغا تەگكەن پۇلدار دوستلىرىمىنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى:

— لاۋبەن (خوجايىن)نىڭ ئورنىغا كەسپىي يازغۇچى دەپ يازغىنىڭ قالتىسقۇ، — دەپ مېنى مازاق قىلدى كۆپلىرى، — يازالمايدىغان يازغۇچى بولغىنىڭدىن پۇل تاپالايدىغان لاۋبەن بولغىنىڭ ياخشى ئەمەسمىدى؟

— يازالمىسامۇ، مازاق قىلساڭلارمۇ لاۋبەننىڭ ئورنىغا «يازغۇچى» دېگەن سۆزنى قوللىنىمەن، — دېدىم مەن پەخىرلىنىپ، — بەزىلەر ئاۋۋال يېزىپ كېيىن يازغۇچى بولىدۇ، بەزىلەر ئاۋۋال يازغۇچى بولۇۋېلىپ كېيىن يازىدۇ. مەن كېيىنكى تۈپنىڭ ئادىمى.

زىياپەت بېرىلىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى، مەن ئون نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىپ يېزىپ چىققان قىسقا، مەزمۇنلۇق، ھېسسىياتلىق سۆزۈمنى ئاخىرقى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. سۆزۈم راستىنلا تەسىرلىك چىققان ئىدى.

لېكىن زىياپەت باشلانغاندا مېنىڭ سۆزۈمدىن تەسىرلەنگۈچىلەر كۆپ بولمىدى. مېنىڭ قول ۋە بويۇنلىرىدىكى ئالتۇنلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشقا، ئويناق قىزلاردىن ئۆزلىرىگە يېڭى جورا تېپىۋېلىشقا بېرىلىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ نۇرغۇنلىرى بەش مىنۇتلۇق قەدەھ سۆزۈم تۈگىمەيلا مەست بولۇشۇۋاپتۇ. رېستوران ۋاڭ-چۇڭغا تولدى. مېنىڭ:

— يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆ-تۈرەيلى! — دېگەن ئاخىرقى سۆزۈمگە ئاۋاز قوشۇپ ئورنىدىن تۇرغانلار ئارانلا 14 كىشى بوپتۇ.

مەن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم، روھىم چۈشتى. شياڭگاڭ — ئاۋمېنلىق سودىگەر، كارخانا خوجايىنلىرىغا ئاپىرىدىن ئېيتقىم كەلدى. ئۇلار يۇرتى، خەلقى ئۈچۈن مىليونلاپ پۇل خەجلىدى، بىزنىڭكىلەر بولسا ئەيشى-ئىشرەت، پايدا-ئابروي كويىدا. مانا مېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن زىياپىتىممۇ مېنى مازاق قىلغۇچىلارغا دەسمايە بولۇپ بەردى. ھەممە يامان گەپلەر ئالدىمغا كەلدى:

— سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولماقچى!

— پارتىيىگە كىرمەكچى!

— گېزىتكە سۈرىتىنى چىقارماقچى!

— ياق، بۇ يەردە بىر چوڭ سودا بار جۇمۇ؟

— 50 تىيىنلىق دان چېچىپ 100 سوملۇق خوراز تۇتماقچى!

— شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى-دە!

— رومانىنىڭ ماۋزۇسى «دەريا بويىدا غىپپاڭ-غىپ» ئىكەن!

— ھا-ھا-ھا...

— ۋەھەھەي... يازغۇچى...

مەن بۇنداق مازاق قىلغۇچىلارغا ئالدىيىمۇ قويمىدۇم. «خەلقىمىزنىڭ سۈپىتى شۇنچىلىك» دەپ ئويلىدىم، خالاس. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ پۇل ھەدىيە قىلغۇچىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىككى تۈمەندىن 11 ئاغىنەم 22 تۈمەن تەقدىم قىلدى. مەن يېنىمدىن قوشۇپ 50 تۈمەن بىلەن ئابلا ئۇستامنىڭ يېنىغا بارماقچى، ئۆزۈمنى، نىيىتىمنى ۋە كەلگۈسىنى تونۇشتۇرماقچى بولدۇم.

شائخەيدىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا يېتىپ بارغىچە ئايروپىلان ئۈستىدە يەتتە - سەككىز سائەت ئولتۇرۇپ ئابلا ئۇستامغا دەيدىغان سۆزلىرىمنى، ئۇستامنىڭ قوپال سۆز ۋە تىللىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇش لازىملىقىنى ياخشى ئويلىۋالدىم. خىيالىمدا ئۇستام بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتىم. ئۇستام مېنىڭ مەقسىتىمنى ئاڭلاپ:

—ۋاي خوتۇنى تالاق، ئەمدى بۇ نوختىنى ياساپ چىقتىڭمۇ؟— دېدى ۋە ئالدىغا قويۇلغان پېچەت-پېچەت نەق پۇلغا قاراپ قويۇپ،— جاھاننىڭ قوينى كەڭغۇ، نېمىشقا باشقا يەرگە ساراي سالماي، مېنىڭ تاپسامنىلا ئەگىيسەن؟— دېدى.

— سىزگە تېزراق شان - شەرەپ كەلتۈرمەكچىمەن.

—سېنىڭ پۇلۇڭ بىلەن تاپقان شان-شەرەپ ماڭا زەھەر جۇمۇ، بىلىپ قوي!

—سىلىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى تولىمۇ ئۇلۇغ ئىش، ئۇستام!

—شۇڭا تارتىۋالماقچىمەن دېگىنە؟

—ياق-ياق، مەن سىلىگە مەدەت بەرمەكچى، زادىلا هارام نىيىتىم يوق، ئۇستام.

—سودىگەردە هارام نىيەت يوق بولسا، يەر يۈزىدە قىزىلكۆزلەر تۈگىگەن بولىدۇ، كۆتەر پېشىڭنى قىزىلكۆز ئوغرى!

مەن هەر خىل ئۇسۇل بىلەن هەر خىل تېمىدا سۆزلىشىپ كۆردۈم، لېكىن ئۇستامنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا قىلالمىدىم. ئاخىر ئۆز مەقسىتىمنى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئارقىلىق دېيىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇستام ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ، سېكرېتار ئەلۋەتتە بۇ 50 تۈمەن پۇلنى ئۇستامغا بېرەلەيدۇ، ئۇستام مېنىڭ پىلانلىرىمنى سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا چوقۇم قوبۇل قىلالايدۇ...

ئايروپىلان غۇلجا ئايرودرومىغا قوندى، غۇلجىنىڭ ئالما چېچەككە پۈركەنگەن باغرى مېنى قوينىغا ئالدى. ئايرودروم ئەتراپىمۇ ئاپئاق، هالرەڭ چېچەك. بۇرنۇمغا مەززىلىك چېچەك پۇرىقى ئۇرۇلغاندا كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. كۆز ئالدىمغا ئابلا ئۇستامنىڭ دەريا بويىدىكى بېغى، ھېلىقى «كۆل»گە تىكىلگەن شاپتۇللارنىڭ ئاق ۋە هالرەڭ چېچەكلىرى، سالقىن شاماللىرى، چىمەنلىكلەر بىرمۇ بىر كەلدى. ئەنە ئابلا ئۇستام ئاق كۆڭلەك سىرتىغا قوڭۇر پىنجەك كىيىپ، قىزىل دوخاۋا بۆكىنى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى «ئۆزگەرگەن هاۋا»دىن نەپەس ئېلىپ هەر بىر تۈپ دەرەخ، هەر بىر تۈپ گۈل- گىياهقا زوقى بىلەن قاراپ كۈلۈپ مېڭىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ قويۇق قورۇق باسقان بېغىررەڭ يۈزى پاكىزە قۇياش نۇرىدا نۇرلانغان، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى قىسىلغان، لەۋلىرى يېرىلغان ئەمما تەبەسسۇم بىلەن شادلانغان هالدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا...

ئايرودرومغا چىققان ئايالىمدىن بىرىنچى سورىغان ئادىمىم ئابلا ئۇستام بولدى.

—خېتىمنى ئالماپسىز-دە!— دېدى ئايالىم بىر قىسما بولۇپ،— سىزگە تېلېگراممۇ بەرگەن ئىدىم.

—نېمە ئىش بولدى؟— كۆڭلۈم بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى تۇيۇپ دەرهال سورىدىم.

—ئابلا ئۇستام تۈگەپ كەتتى!— ئۇ يەرگە قارىدى.

— نېمە بولۇپ؟ — مەن چۆچۈپ سورىدىم.

— ھېچنېمە بولمىدى، دەريا بويىدىكى كەپىسىدە راھەتلىنىپ يېتىپ، ئۇشتۇمتۇتلا جان ئۈزۈپتۇ.

مەن ئۆيۈمگىمۇ كىرمەستىن دەريا بويىغا كەلدىم. كېمە يېنىدىكى كىچىك ئۆيدىن باغقا كىرىشكە بېلەت ئالدۇق. دەريا بويىدىكى ئورمانلىق چېچەكلەرگە پۈركەنگەن. مانا ئابلا ئۇستامنىڭ تۆت تال تېرەك تۈۋرۈكتىن ياسالغان كەپىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىھەم كېگىز سېلىقلىق. ئۇستامنىڭ كەتمەن، پالتا، قايچىلىرىمۇ شۇ يەردىكەن. ماڭا ھەممىلا نېمە ھازىدار، غېرىبسىنغان، كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. لېكىن باھار شامىلى ماتەمنى بىلمەيدۇ، ئەركىن قۇشلار غەمسىز، چېچەك سۈيى بىلەن تەلۋىلەشكەن ئىلى دەرياسى شادلانغان...

ھايات مانا مۇشۇنداق، ماتەم بىلەن شادلىقنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەن. ئۇستام كەتتى، يېڭى باھار كەلدى. ئۇنىڭ جىسمى يوقالدى، ئەمگەك تەرى كۆلمەكتە...

ئابلا ئۇستام بىلەن بىللە مېنىڭ يازغۇچى بولۇش ئۈمىدىمۇ ئۆلگەندەك، ھەۋەسلىرىمۇ دەپنە قىلىنغاندەك تۇيۇلدى. يەنە ئۆيۈمدە ئولتۇرۇۋېلىپ يېزىشقا كىرىشتىم. يازغۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، بىر ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئارزۇ ئۈمىدىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە يېزىۋاتىمەن، مانا يېزىپمۇ بولدۇم، بۇ يازغىنىم پوۋېستمۇ، خاتىرىمۇ، ياكى قۇرۇق سۆزلەر دۆۋىسىمۇ؟ مەن بۇنى بېكىتەلمىدىم. يازغىنىمنى ئايالىمغا ئوقۇپ بېرىۋېدىم، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— پوۋېست دەپ بېقىڭ، تەھرىرلەر بىر نېمە دەر. مېنىڭچە، ئابلا ئۇستامنىڭ خاراكتېرى خېلى يارىتىلغاندەك تۇرىدۇ. تىرىشىڭ، جەمئىيەتكە كۆپرەك ئارىلىشىڭ، يازغۇچى بولۇپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس — دېدى.

ئۇنى دېمىسىمۇ پۇل، پۇل دەپلا دۇنيادىن ئۆتسەم تولىمۇ مەنىسىز ياشىغان بولىمەن. بۇمۇ بىر خىل بۇلغانغان ھاۋا، مەنمۇ ئابلا ئۇستامدەك ئازراق بولسىمۇ ھاۋا يېڭىلىمىسام بولمىغىدەك.

— ئەسىرىڭىزگە ماۋزۇ تېپىلدى، — دېدى ئايالىم خۇشال بولۇپ، — يېڭىلانغان ھاۋا، دېسەك بولغىدەك. قاملاشمىسا تەھرىرلەر ئۆزگەرتىپ قويىدۇ.

مەن ماقۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ئاداش، «يېڭىلانغان ھاۋا»نى ژۇرنالغا ئەۋەتتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم، روھىي ھاۋايىمنى يېڭىلاشقا باشلىغان تۇنجى قەدىمىم.

1992- يىل 13- مارت. ئورۇمچى



# سەنئەت مەركىزى، ئىتتىپاقلىق ئابىدىسى





## — 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى توغرىسىدا

جۇرئەت كامىل

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەپىس مەدەنىيەت-سەنئىتىنى نامايان قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئېلىمىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ بىرقېتىملىق كاتتا مەرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىدە،



مەدەنىيەت-سەنئەت گۈللىنىشى

(1992-يىل 2 - سان، ئومۇمىي 11- سان)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا مەدەنىيەت - سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر مەركەزلىك ھالدا نامايان قىلىندى. ئۇ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

## ئىتتىپاقلىق مەركىسى

يۈننەن ئۆلكىسى، جۈملىدىن كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ گۈزەل بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە «تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە باھار بولىدىغان جاي» دېگەن نامى بار ئىكەن. شۇنداقلا ۋەتىنىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ 26 سى مۇشۇ گۈزەل ماكاندا ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ بۇ گۈزەل شارائىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان. يۈننەندىكى 36 مىليون ھەر مىللەت خەلقى مىللەتلەرنىڭ بۇ قۇتلۇق بايرىمىنى نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ساھىبخانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يېرىم يىل جىددىي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق كۈنمىڭ شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر قىسىم جايلارنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىدى. نەتىجىدە كۈنمىڭنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ زوقىنى قوزغىدى.

ئۇنتۇلغۇسىز كۈن - 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۈنمىڭ شەھىرى ئېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، چوڭ - كىچىك كوچىلارغا رەڭگارەڭ پانۇس - چىراغلار ئېسىلغان، گۈل - چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلغان ئىدى. ساھىبخان كۈنمىڭ خەلقى 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنى ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن 30 مىنۇت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۆتكەندە «ئىتتىپاقلىق، كۈللىنىش، ئالغا بېسىش»نىڭ سىمۋولى بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كاتتا مەرىكىسى — 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان «شەرق شامىلى» مەيدانىدا تەنتەنىلىك باشلاندى. ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 56 مىللەتتىن بولغان 8000 دىن ئارتۇق سەنئەتچى «ۋەتىنىمىز گۈل - چېچەككە پۈركەندى» دېگەن نومۇرنى ئورۇندىغىنىچە تۆت كىلومېتىردىن ئوشۇق يول يۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، كۈللىنىش، ئالغا بېسىشتەك مىللىي روھىنى نامايان قىلغاندا ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى، بولۇپمۇ چەت ئەللىك تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى، بەزىلىرى رەسىم تارتىش ئاپپاراتلىرىنى توغرىلاپ، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئارتىسلارنى توختىماي سۈرەتكە تارتسا، بەزىلىرى «ئاپىرىن، جۇڭگولۇقلارغا ئاپىرىن» دەپ توختىماي چۇقان سېلىشتى. ئالاھەزەل تۆت سائەت داۋاملاشقان سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىسىنىڭ زورلۇقى، كاتتىلىقى، شۇنداقلا 56 مىللەتنىڭ مىللىي سەنئىتىنى كۆرەك قىلىش ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىلگىرىكى ئىككى نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدىن پەرقلەندى. كۆرەكتە 30 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا تەقدىم قىلدى. بۇ نومۇرلاردا يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە مەيدانغا كەلگەن، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان

مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىللە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان روھى نامايان قىلىندى. چاۋشيەن، تايلاند، بېرما، لائوس، ياپونىيە، مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سەنئەتچىلىرى ھەممە شيائىگاڭ ۋە تەيۋەندىن كەلگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكلىپ بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نومۇرلىرى ئارقىلىق سەنئەت بايرىمىغا ھۆسن قوشتى.

15 كۈن داۋاملاشقان بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا ۋەتىنىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى، مىللىيلىكى، ئاممىۋىلىقى تولۇق نامايان قىلىندى. تولۇق مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك دەۋر تۈسىگە ئىگە 168 مەيدان ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاساس قىلغان ھەر خىل مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر دراما، مۇزىكا، ئۇسسۇل، سىرك قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە مۇنەۋۋەر ئىقتىساس ئىگىلىرى نامايان بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. تاماشىبىنلار 170 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. بولۇپمۇ ئېچىلىش مۇراسىمى، يۈەنشياۋ بايرىمىدىكى پانۇس كېچىلىكى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىك جاي شىلىندىكى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئىككى مىليونغا يېقىن ئادەم قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىلدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت كۆرگەزمىسى، توققۇز چوڭ ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى سەنئەت بايرىمىنىڭ داغدۇغىسىنى ئاشۇردى. ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسى 4 مىليارد يۈەندىن ئاشتى.

بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلار بەس - بەس بىلەن سۆھبەت بايان قىلىپ، سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مەدھىيىلىدى. گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدىن كەلگەن بىر سودىگەر مۇنداق دېدى: «سەنئەت بايرىمى ناھايىتى ئوبدان ئۆتكۈزۈلدى. ئۇزاق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى رەڭگارەڭ ئىكەن». تەيۋەن جۇڭخۇا ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىبى، ئاتاقلىق سەنئەتچى، پروفېسسور لى تيەنمىن ئەپەندى سەنئەت بايرىمىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغىنىدىن كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ مۇخبىرلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە مۇنداق دېدى: «مەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئىتىگە ناھايىتى قىزىقىمەن. چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنى سىنئالغۇدىن كۆرگەن ئىدىم. بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمى ئىلگىرىكى بايراملاردىن ناھايىتى كاتتا بوپتۇ، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول ئىكەن. بۇنىڭدىن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ۋە باياشات تۇرمۇشىنى كۆردۈم».

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەمەت بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە بەزى نومۇرلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىرسى، ئاساسىي تېمىسى روشەن بولۇپ، نومۇر تۈرلىرى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئورۇنلار ۋە خادىملار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنى ئاساس قىلدى. ئىككىنچىسى، داغدۇغىسى زور بولۇپ، سەنئەت بايرىمىغا

قاتناشقان ئادەم سانى، مىللەت ۋە نومۇرلار كۆپ، ئېچىلىش مۇراسىمى كاتتا بولدى. ئۈچىنچىسى، مەزمۇنى مول بولۇپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تۆتىنچىسى، تاللانغان نومۇرلار ئوينالدى. بەشىنچىسى، تەشكىللىنىشى ياخشى بولدى. بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى.

## «رەڭگارەڭ گۈلگە پۈركەنگەن تەڭرىتاغ» كۈچلۈك ئالقىش قوزغىدى

تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى 15 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىلىكىنى ئېلىپ، 13 مىللەتتىن بولغان 300 دىن ئارتۇق سەنئەتچى بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، نەپىس سەنئەت نومۇرلىرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەتخۇمار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا قاتناشقان ئەڭ چوڭ ئۆمەك بولۇپ، بايرام مەزگىلىدە بۇ ئۆمەك ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، تاتار، رۇس، شىبە قاتارلىق سەككىز مىللەتتىن بولغان 160 ئارتىستتىن تەركىب تاپقان ئۇسسۇل ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى، ئۇلار سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئۆز مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ئورۇندىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 140 كىشىدىن تەركىب تاپقان «رەڭگارەڭ گۈلگە پۈركەنگەن تەڭرىتاغ» دېگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكىنى ئورۇنداش ئەترىتى سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇھىم تۈرى بولغان كەسپىي ئۆمەكلەرنىڭ نومۇر كۆرسىتىش پائالىيىتىدە ماھارەت كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆمەك تەركىبىدىكى ئارتىسلارنى تاللاشقا دىققەت قىلىپ، كەسپىي ئىقتىدارى، سىياسىي قىياپىتى بىر قەدەر ياخشى، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئارتىسلارنى تاللىدى، ئۇلار سەنئەت بايرىمى ئۈچۈن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىجاد قىلغان ئېسىل مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللاردىن 16 نى تەييارلىدى. يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمى ھارپىسىدا ئارتىسلار جاپالىق رىپىتىسىيە قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىرنەچچە قېتىم ئارتىسلار تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، رىپىتىسىيە ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئارتىسلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى پويىزدا بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، كۈنمىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھېرىپ-چارچىغىنىغا قارىماي ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رىپىتىسىيە قىلدى.

18- فېۋرال ھەر مىللەت خەلقى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مەرىكە باشلاندى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا 56 مىللەتتىن بولغان 8000 دىن ئارتۇق ئارتىس ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ مەيداندىن ئۆتتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەيدانغا كىرگەندە، پۈتكۈل مەيدان ئادەتتىن تاشقىرى جانلىنىپ كەتتى. كىشىلەر شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، ئاپىرىن ئوقۇدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار مەيلى ئوبراز جەھەتتىن، مەيلى كىيىم-كېچەك ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرى جەھەتتىن بولسۇن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلدى.

23- فېۋرال ھاۋاسى ئوچۇق، رەڭگارەڭ گۈل- چېچەكلەر ۋە بايراقلار بىلەن بېزەلگەن كۈنمىڭ شەھىرى كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان «يۈننەن

سەنئەت تىياتىرخانىسى»نىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى شۇكۈنى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى مەيدان «رەڭگارەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن تەڭرىتاغ»دېگەن چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا-ئۇسسۇلنى ئورۇنداپ سەنئەت بايرىمىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك بۇ نومۇرلار كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتىنى نامايان قىلدى. پاشا ئىشان، ئەركىن قۇتبىدىن، ئىززەت ئېلياس، دەلىلقان، ئاخۇنىك قاتارلىق ناخشىچىلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى، مۇھەممەت داۋۇت، خەلچەم سىدىق، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، رەيھان ئابلىز، كۈرەش رەجەپ قاتارلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ نەپىس ئۇسۇللىرى «ناخشا-ئۇسسۇل» ماكانىنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ھەر بىر نومۇر ئاخىرلاشقاندا، تاماشىبىنلار ئۈزۈلدۈرمەي چاۋاك چېلىپ، ئارتىسلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئارقىدىن ئورۇندالغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق كەيپىياتىنى نامايان قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل-«شىنجاڭ ياخشى»پۈتكۈل سەنئەت كېچىلىكىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەسلى پۈتكۈل بايرام مەزگىلىدە ئىككى مەيدان ئويۇن كۆرسەتمەكچى ئىدى. تاماشىبىنلارنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئۆمەك ئىلگىرى-ئاخىر تۆت مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، 10مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىننىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەمەت، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گاۋجەنشاڭ قاتارلىقلار ئويۇننى كۆرۈپ، ئارتىسلارنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويۇن قويغانلىقىنى مەدھىيىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تېلېفوندا ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە ئارتىسلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەپ، سەنئەت بايرىمىدا يەنىمۇ ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئويۇن ئارىلىقىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە ئونلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، شىنجاڭلىق ئارتىسلارنى زىيارەت قىلدى. تۈركىيىلىك بىر مۇخبىر شىنجاڭنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى بىر نەچچە قېتىم باشتىن-ئاخىر كۆرۈپ، نومۇرلارنىڭ ھەممىسىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋالدى. ئۇ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «نومۇرلارنىڭ نەپىسلىكى مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى. مەن دۆلىتىمگە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ نومۇرلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە تونۇشتۇرىمەن».«خەلق گېزىتى»نىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدىغان نۇسخىسىنىڭ مۇخبىرى نەق مەيداندىن تارتىلغان بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلى بەك گۈزەل، كۆركەم ئىكەن، كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىكەن، بۇ نومۇرلار مېنىڭ شىنجاڭغا كۆپرەك بېرىپ، شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى»دېدى.

ئالقىش، مەدھىيىلەر شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىكى شىجائىتىنى ئاشۇردى.






(ئەدەبىي ئاخبارات)

دىلدار ئەزىزى

## مۇقەددىمە

چۆچەكلەر ھەمىشە «بۇرۇنقى زاماندا» دەپ باشلىنىدۇ. بەزى چۆچەكلەر كىشىنى ئاجايىپ گۈزەل خىيالىي ماكانغا باشلىسا، بەزى چۆچەكلەر يالماۋۇزلار، ئالۋاستىلار ماكانىغا باشلايدۇ. چۆچەكلەردە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، پاراكەندىچىلىك بىلەن ئاسايىشلىق ھەمىشە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار مانا مۇشۇ چۆچەكسىمان دۇنيادا يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. يامانلىقنىڭ، رەزىللىكنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. چۆچەك ئىچىدە



ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۆرگىلەۋاتقان يەر شارى بۈگۈن تۇساتتىنلا ئۇزۇن يىللىق سۈكۈتىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

ئەي ئىنسانلار، ھاۋا بۇلغىنىشىدىكى ئىس - تۈتەكلەر كۆز ئالدىمنى غۇۋالاشتۇرماقتا. باغرىمنى جىنايەت تۇمانلىرى قاپلاپ، مېنى بىئارام قىلماقتا. يەلكەمدىكى يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر رەزىللىك پاتقىقىغا سۆرەپ كېتىۋاتماقتا! مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، نەپرەتكە تولغان جىسمىمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاجىئەلىك نەرە تارتىشىدىن ساقلىنىڭلار! ۋولقان بولۇپ پارتلىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار!

## ئەرۋاھلار ماكانىدىن كەلگەن سادا

مەن زەھەرلىك چېكىملىكتىن پەرھىز تۇتۇش دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ ئاچقان داۋالاش ئورنى ئىكەن. بۇ دوختۇرخانىدا ئۆز كەسپىدە مۇتەخەسسىسلەشكەن دوختۇرلار ئىشقا قويۇلغان بولۇپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىمۇ خېلىلا تولۇق ئىكەن. دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دوختۇرخانىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇلار دائىم دوختۇرلارغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان كىشىلەرنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە كۆپرەك قۇتقۇزۇپ قېلىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم يوليورۇق بەرگەن ھەمدە كېرەكلىك خىراجەتلەرنى داۋاملىق تولۇقلاپ بېرىپ تۇرغان.

مەن دوختۇر ۋە سېستىرالار بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتىم، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆللۈكنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆرۈپلا توختاپ قالدىم. شۇ چاغدا يېنىمدىكى سېستىرا قىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئۇ ئايالنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىم.

زىلۋا بويلۇق، خۇش-خۇي مىجەزلىك 30 ياشلاردىكى بۇ خەنزۇ ئايال ئەسلىدە مەلۇم سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ئىدى. ئۇ چىرايلىق بولۇپ، لەۋلىرىنى دائىم دېگۈدەك قىپقىزىل بوياپ يۈرەتتى. قولىدىن كۈن بويى تاماكا چۈشمەيتتى. كېيىن ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئاۋات شەھەر مەركىزىدە بىر قەھۋەخانا ئاچقان. قەھۋەخانىنىڭ تاپاۋىتى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ يانچۇقى پۇلغا تولۇشقا باشلىغان. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە 20 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بارغان. دوستى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، مېھمان قىلغان. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ بىردىنلا چىش ئاغرىقى قوزغىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى دوستى ئۇنىڭ چىش ئاغرىقىنى داۋالىيالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىدەك ئاق نەرسىنى پارقىراق قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئاستىدىن سەرەڭگە ياققان ۋە ئۇنىڭدىن چىققان سۇس كۆكۈش ئىسنى كىچىككىنە نەيچە ئارقىلىق شورىتقان. ئۇنىڭ چىش ئاغرىقى دەرھال توختىغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل لەززەتلىك سېزىم پەيدا بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قەرز سۈيلەپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن. كېيىن يەنە بىر نەچچە قېتىم قەرز سۈيلەپ بارغاندىمۇ،

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال تەكرارلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خروينغا رەسمىي خۇمار بولۇپ قالغان. ھەر قېتىم خروينىڭ خۇمارى تۇتقاندا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى جەھەننەمگە باشلاپ كېتىۋاتقان ھېلىقى دوستىنىڭ ئۆيىگە يۈگرەيدىغان بولغان. دوستىغا قەرز بەرگەن 20 مىڭ يۈەنىنى، قەھۋەخانىدا ئېچىپ تاپقان پۇللىرىنى، قەھۋەخانىسىنى ۋە ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خروينغا تېگىشىپ چېكىپ تۈگەتكەن. خروين يالغۇز ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئانىلىق مېھرى - مۇھەببىتىنىمۇ ئىس - تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ كۈن بويى ئاچ يۈرۈشى بىلەنمۇ كارى بولمىغان. ئاخىرى ئۇنى تۇغقانلىرى ۋە ئېرى مۇشۇ زەھەرلىك چېكىملىكتىن پەرھىز تۇتۇش دوختۇرخانىسىغا داۋالاتقىلى ئېلىپ كەلگەن.

مەن بۇ يەرگە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەن كۈنۈم ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتىم. كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگىنىمدە، ئېرى ئۇنىڭغا يېلىنىپ نەسىھەت قىلىۋاتقان ئىكەن:

— ئانىسى، سىز چېكىشنى چوقۇم تاشلاڭ. مەن پۇل قەرز ئېلىپ بولسىمۇ سىزنى ئاخىرىغىچە داۋالىتىمەن. ئەگەر سىز چېكىشنى تاشلىمىسىڭىز ئۇزاق ياشىيالمايسىز، ئۇ چاغدا باللار بىلەن مەن . . . — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى. ئايالى بولسا تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ پۈۋلەپ، ئېرىگە پەرۋاسىز ھالدا قاراپ تۇراتتى.

ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ئېرىمۇ بىر چاغلاردا خروين چېكىپ باققان بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنىنى تونۇغاندىن كېيىن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي تاشلىغان ئىكەن. مانا ئەمدى ئايالىنىڭمۇ مۇشۇ يولغا مېڭىپ قېلىشى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلغان.

30 ياشلىق خۇيزۇ ئايال ××× ئەسلىدە دۆلەت خادىمى بولۇپ، ئاق پېشماق، بادام قاپاق چوكان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكتىن پەرھىز تۇتۇش دوختۇرخانىسىدا تونۇشۇپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن خروين چېكىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ مەيۈس ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئېرىم سودىگەر ئىدى. ئۇ خېلى يىللاردىن بېرى خروين چېكىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باققان بولساممۇ، ئۇنى چەكلىيەلمىگەن ئىدىم. يېڭى يىل بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ مېنى گۇاڭجۇغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلمەكچى بولدى. بىز گۇاڭجۇغا باردۇق. گۇاڭجۇنىڭ قىش كۈنلىرى بەكمۇ نەم ئىكەن. مېنىڭ رېماتىزىم كېسىلىم قوزغىلىپ قېلىپ، بەكمۇ ئازابلاندىم. ئېرىم پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ماڭا ئازراق خروين چەكتۈرۈپ قويدى. شۇندىن كېيىن پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى دەرھال قويۇۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى قوزغالغان ھامان ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ خروين چېكىدىغان بولدۇم (ئەسلىدە تاماكىمۇ چەكمەيتتىم). بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەچكە، بارا - بارا خروينغا خۇمار بولۇپ قالدىم. كېيىنكى چاغلاردا يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز تەڭ ئولتۇرۇپ چېكىشىدىغان بولدۇق. خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈرىكىم سىقىلىپ، بەدەنلىرىم چىمىلداپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئىشخانىدا ئادەم يوق چاغلاردا

يوشۇرۇن چېكىپ باقتىم. روھىي ھالىتىم خىزمىتىمگە تەسىر يەتكۈزدى. مەن بۇ جايدا! زەھەرلىك چېكىملىكتىن پەرھىز تۇتۇش دوختۇرخانىسىنىڭ قورۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكۈمدىن داۋالىنىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم. مانا، كەلگىنىمگە 11 كۈن بولۇپتۇ. ئەسلىدە ئورۇقلاپ 41 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغان ئىدىم. بۇ جايدا ياخشى ئوزۇقلاندىم، ياخشى دەم ئالدىم. دوختۇرلار كۆيۈنۈپ تېنىمنى داۋالىسا، ساقچى خادىملار روھىمنى داۋالىدى، 11 كۈن ئىچىدە سەككىز كىلوگرام سەمىرىپتىمەن. رەڭگىمگە قان يۈگۈرۈپ ئۆزۈممۇ ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدىم. قورساق سېلىپ كېتىۋاتىمەن، پىكورامغا دەخلى يەتمىسە بولاتتى. ئەتىگەن تۇرۇپ چېنىقىڭ، دېدىگىزما؟ مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ ئويلاۋاتىمەن، بىراق قورسىقىم تولا ئاچىدۇ، ئۇيقۇدىن باش ئالالمايۋاتىمەن. ھە ئە، بىر ئوغلۇم بار. ئۇ بەكمۇ ئوماق بالا بولدى. ئۇنى بەكمۇ سېغىنىمەن. بىراق ئوغلۇمنىڭ قەلبىدە جىنايەتنىڭ كۆلەڭگىسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئانىلىق ھۆرمىتىمنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرمىدىم. بەزىدە سىرتقا چىققۇم، قانغىچە تانسا ئوينىغۇم كېلىدۇ. نېمە ئامال، سىرتقا چىقسام يەنە چېكىپ قېلىشىم مۇمكىن. پۈتۈنلەي ساقىيىپ ئاندىن كېيىن خىزمەت ئورنۇمغا قايتىشىم كېرەك.

شۇ ئەسنادا ئۇدۇل چىشلىرى ئۈپۈراپ كەتكەن بىر خەنزۇ يىگىت بىر ساپاق ئۈزۈم كۆتۈرگىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— قوشناچىم، ئۈزۈم يەۋېلىڭ، — ئۇ، ئۈزۈمنى ھېلىقى ئايالغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ماڭا قاراپ سۆزلەپ كەتتى، — قارىسام ياخشى ئايالدەك كۆرۈنىسىز، خالىسىڭىز مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي. بىراق بىر شەرتىم بار، ئىسمىمنى ھەرگىز ئاشكارىلىماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ يىل 24 ياشقا كىردىم، تېخى ئۆيلەنمىدىم. ھازىرغۇ ئۆيلىنىش خىيالىمغىمۇ كىرمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىروئىن چېكىشنى بىراقلا تاشلاپ ئاندىن ئۆيلەنسەم دەيمەنا. كىم بىلىدۇ دەيسىز، ساقىيالامدىمەن تېخى. چۈنكى مېنىڭ چېكىۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولدى ئەمەسمۇ. دەسلەپتە چېكىشنى ئۇستامدىن ئۆگەنگەن ئىدىم، چۈنكى ئۇستام بىلەن ئىككىمىز لەنجۇ، شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردىن گەزلىمە توشۇپ توپ ساتاتتۇق. ئۇ چاغلاردا خېلى باي بولۇپ قالغان ئىدىم. مانا ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى. 200 نەچچە مىڭ يۈەننى چېكىپ تۈگەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى بۇ دوختۇرخانا قۇرۇلۇپتىكەن. بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا ھەتتا ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمايتتىم. مانا ئەمدى يۈگۈرگىدەك بولدۇم. ئاچا، بىز بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، بەلكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىروئىن خۇمارىمىز پۈتۈنلەي تۈگەپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نورمال قىياپىتىمىز بىلەن جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزغا قايتارمىز. بىزغۇ ياخشى بولۇپ كېتەرمىز. لېكىن ھۆكۈمەت ھېلىمۇ داۋاملىق خىروئىن چېكىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاغىنىلەرنى قۇتقۇزۇۋالسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. ئەگەر ئۇلار چېكىشنى تاشلىمىسا، بىزنىڭ بۇ يەردە خىروئىندىن پەرھىز تۇتۇپ ئازابلانغىنىمىزنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىدۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چەككىنىنى كۆرسەك، بىزنىڭمۇ كونا خۇمارىمىز تۇتۇپ، قايتىدىن چېكىپ سېلىشىمىز مۇمكىن. ئاچا، سىز مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئېيتسىڭىز، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسا، مەن سىزدىن

ئۆتۈنۈپ قالاي ئاچا، — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ تەزلىنىپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— مەن خرۇيىنىنىڭ زېيىنىنى بەك كۆپ تارتتىم. ئەمدى مەن قەتئىي تاشلاش نىيىتىگە كەلدىم. نۇرغۇن ئازابلارنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. مېنىڭ شۇ ئازابلىرىم بىكارغا كەتمىسۇن، ماقۇلمۇ ئاچا؟

بۇ يىگىت ئۆزىنى 24 ياشقا كىردىم، دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. بەلكىم 24 ياشقا كىرسىمۇ كىرگەندۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن شۈبھىلىنىپ قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قېنى قېچىپ تاتىرىپ كەتكەن، تېرىسى قۇرغاقلاشقان، پېشانىسىدە تىلىم - تىلىم قورۇقلار پەيدا بولغان ئىدى. ماڭا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن قارىسى ئارىلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بۇ كۆزلەر خۇددى خىرەلىشىپ كەتكەن ئەينەك پارچىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ 24 ياشقا كىردىم، دېگىنى يالغان بولسا كېرەك. 44 ياشقا ياكى 54 ياشقا كىرگەندۇ. لېكىن 44 ياشقا، 54 ياشقا كىرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ، ئۇلارنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇغۇ!

راست، بۇ يىگىت ئاغرىق ئەمەسمۇ. خرۇيىندىن ئىبارەت ياۋۇز ئالۋاستى ئۇنى مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويغان. ئەگەر بۇ ئالۋاستى تىزگىنلەنمىسە، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ هاياتى خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ.

مەن هېلىقى يىگىتنىڭ كېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم. تۇساتتىن سىرتتا چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دىققىتىم بۆلۈنۈپ كەتتى.

— بۇ قېتىم چوقۇم گەپلىرىڭىزنى تۇرسىلا جۇمۇ؟ چېكىشنى تاشلىمىسىلا ئەمدى سىلىنى ئۆيگە كىرگۈزمەيمەن. ئۇ چاغدا ئۆيۈم بار، بالام بار، خوتۇنۇم بار دەپ خام - خىيال قىلمىسىلا بولىدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، بولدى قىلە، ئەمدى سۆز لەۋەرمىگىنە.

سۆزلىشىۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم ۋە ئالدىمدىكى خىرە كۆزلۈك يىگىت بىلەن خوشلىشىپ ياندىكى ئىشخانىغا كىردىم. دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كەلگەن بىر يىگىت بىلەن ئورۇق، سولغۇن چىراي بىر چوكان ئولتۇراتتى. دوختۇر هېلىقى يىگىتنىڭ قان بېسىمىنى ۋە يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. مۆلچەرىمچە، يىگىت 25 ياشلارغا، چوكان 20 ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي دوختۇر. ئۇنى ساقايتىپ بەرسىلە. ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار. ئۇ يەنە چېكىدىغان بولسا، ئائىلىمىز ۋەيران بولىدۇ. ئىلگىرى بىز پۇلغا كېكىرگىدەك بايغا ئايلانغان ئىدۇق. مانا ئەمدى قورسىقىمىزنى تويغۇزالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئۆيىمىز قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ چېكىشنى تاشلىمىسا، خۇمارى تۇتقاندا ئۈچ بالىسى بىلەن مېنى خرۇيىنغا تېگىشىۋېتىشتىن يانمايدۇ، — ئايال سۆزلەۋېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ يىگىت ئەسلىدە سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇ بىر يىلى 70 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ لەنجۇغا مال ئەكەلگىلى بارغان. 50 مىڭ يۈەن پۇلنى لەنجۇدىكى داياڭ (ئۆلۈم

جازاسى بېرىلىدى) ئىسسىلىك كىشىگە مال ئېلىپ بېرىشكە بەرگەن. داياڭ ئۇنى مەلۇم مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى بولاق «ۋەنباۋلو» ماركىلىق تاماكا سوۋغا قىلغان ۋە مال تەييار بولغان ھامان ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالغان. يىگىت ھېلىقى ئىككى بولاق تاماكىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋۇجۇدىدا غەلىتە بىر خىل سېزىمنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بازاردىن ناھايىتى كۆپ «ۋەنباۋلو» لارنى ئەكېلىپ چېكىپ باققان، لېكىن ئۇلارنىڭ تەمى داياڭ بەرگەن «ۋەنباۋلو»غا ئوخشىمىغان. ئەسلىدە داياڭ بەرگەن «ۋەنباۋلو»غا سۇيۇقلاندۇرۇلغان خىروئىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىكەن. داياڭ مېھمانخانىغا كەلگەندە ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ «ۋەنباۋلو»دىن تېپىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ يېلىنىشقا باشلىغان. داياڭ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ يانچۇقىدىكى خىروئىننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە ئۇنى قانداق چېكىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان. شۇنداق قىلىپ يىگىت ئۆزىنىڭ 70 مىڭ يۈەن پۇلىنى خىروئىن چېكىپ تۈگەتكەن ۋە ئاراندىلا ئۈرۈمچىگە كېلىۋالغان. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ پوكەيلىرىنى مېلى بىلەن قوشۇپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا خىروئىن ئېلىپ چېكىپ تۈگەتكەن.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپ كۆز يېشىنى سۈرتتى ھېلىقى ئايال، — چېچىمنى سۈپۈرگە، قولۇمنى كۆسەي قىلىپ تاپقان پۇللىرىمنى ئۇ خىروئىن چېكىپ تۈگىتىپ بولدى... ئەمدى ھېچنەرسىمىز قالمىدى. ئاھ، مەن خۇدانىڭ ئالدىدا زادى نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىدىم؟

چوكان خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھى توغرىلىق سۆز ئېچىپ قالدى. توغرا، بىز ھامان خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق. خۇدا — ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى. بىز مانا شۇ ئۇلۇغلۇق سىمۋولى ئالدىدا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئاڭسىزلارچە گۇناھ ئۆتكۈزدۇق. خۇدا ئەگەر سەۋرچان بولمىغان بولسا، پۈتكۈل يەر شارىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولاتتى. ھېلىمۇ ئۇ كۆپ گۇناھلىرىمىز ئالدىدا تاقەت قىلىۋاتىدۇ، سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ.

27 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىت × × × يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئائىلىسىنىڭ سودىگەرچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. ئۇ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان. كېيىن خىزمىتىنى تاشلاپ ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلغان. يانچۇقىدىكى پۇلىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەۋەسكە بېرىلىپ، خىروئىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغان. ئاخىرى پۇلى تۈگەپ ۋەيران بولغان. نېرۋىسىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن. كېيىن تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ جايغا داۋالانغىلى كەلگەن. ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەن چېغىمدا ئۇنىڭ خىروئىن خۇمارى تۇتۇپ، كارىۋات ئۈستىدە ئازابلىنىپ تولغىنىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك زەئىپ كۆرۈنەتتىكى، راستىنلا تىرىك ئەرۋاھنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى تۈرۈسقا تىكىپ، جانسىز قوللىرىنى ئالدىغا سوزاتتى. كېيىن نېمىنىدۇر تۇتۇۋالغاندەك چىڭ يۇمۇلغان قولىنى كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ قارايتتى. ئاندىن نارازى بولغاندەك ئاغزىنى چىكىلدىتىپ، قوللىرىنى سىلكىيتتى. بىز ھازادىن كېيىن ئۇ دەلدەڭشىپ

ئاران تەستە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئاق گەج بىلەن قاتۇرۇلغان تامنى غاجىلاشقا باشلىدى. مەن بىللە كىرگەن دۇ فامىلىلىك پېشقەدەم دوختۇر ئىتتىك بېرىپلا ئۇنى بىلىكىدىن سۆرەپ كارىۋىتى تەرەپكە ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ قارشىلىق قىلىپ، ئۆزىنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا پالاققىدە ئاتتى - دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى قاسماقلىشىپ كەتكەن كۆلرەڭ ساپما كەشىنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ غاجىلاشقا باشلىدى.

- بۇ تېخى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، - دېدى دۇ دوختۇر ئۇنى سۆرەپ ئۆز كارىۋىتىغا ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ، - ئۇلار بەزىدە خۇمارى تۇتقاندا ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، خۇددى ساراڭدەك يەردە دومىلاشقا باشلايدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئىنسانغا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل - ئىدراك، شەرمى - ھايا، ئەخلاق، ئاڭ... دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. سىز ئەگەر ئۇلارنى شۇ ھالەتتە كۆرسىڭىز يېنىدا بىر مىنۇتمۇ تۇرالمايسىز.

- ئېيتىڭا دوختۇر، - دېدىم مەن، - بۇلارنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولارمۇ؟ بۇلار ئۆز ئەسلىگە كېلەلەرمۇ؟

- ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىدە قەتئىي ئىرادە ۋە چىدام بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ بىزگە ياخشى ماسلىشىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسىلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى داۋالىنىپ، چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ قولىمىزدا داۋالىنىپ چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم بىمارلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىروئىن چېكىشنى قايتىدىن باشلىغان. ئوبدان داۋالىنىپ، ھاياتلىق يولىنى يېڭىدىن باشلىغانلارمۇ، ئىش ئورنىغا قايتىپ بېرىپ نورمال خىزمەت ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، - دوختۇر بىر ھازا ھەپىلىشىپ بايىقى بىمارنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈردى، قان بېسىمىنى ئۆلچىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەپسۇسلانغان ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - بۇ يىگىت ئەسلىدە خېلى ئوبدان ساقىيىپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ، كۆرۈپ كېلەي، دەپ رۇخسەت سوراپ چىقىپ كېتىۋېدى، 13 كۈندىن كېيىن ئۇنى تۇغقانلىرى ئەكېلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ 13 كۈن ئىچىدە ئۇ 13 مىڭ تۆت يۈز يۈەنلىك خىروئىن چېكىپتۇ. ئەمدى ئۇنى قايتىدىن داۋالاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

دوختۇر مېنى باشقا بىر ياتاققا باشلاپ چىقتى. بۇ ياتاقتا بىر خۇيزۇ يىگىت بىھوش ھالدا ئۇخلاپ ياتاتتى. دوختۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەسلىدە بۇ يىگىتنىڭ بىر گەزلىمە مال دۇكىنى بار ئىكەن. ئۇ ئايالى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ بىر مىليون 600 مىڭ يۈەن پۇل توپلىغان. شۇ پۇلغا ئالىي دەرىجىلىك ئىككى پىكاپ سېتىۋېلىپ كىراغا سالماقچى بولغان. دەل شۇ كۈنلەردە ئۇ خىروئىن ئەتكەسچىلىرىنىڭ غەرەزلىك قىزىقتۇرۇشى بىلەن خىروئىن چېكىشنى ئۆگىنىپ ئالغان، ئاخىرى ئۇ شۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىگە خىروئىن چېكىپ تۈگەتكەن. كېيىن ئايالىنىڭ ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرى، ئۆيىدىكى رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ قاتارلىقلارنىمۇ سېتىپ خىروئىن چەككەن. ئەڭ ئاخىرىدا بۇۋىسىدىن مىراس

قالغان بىر دانە كونا گىلەم بىلەن ئايالىنىڭ قولىدىكى تويلۇق ئۈزۈكىنى ساتماقچى بولغاندا، پۈتۈن ئائىلە ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يول قويمىغان ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنى بۇ يەرگە داۋالاتقىلى ئېلىپ كەلگەن...

## بۆرگە ئالدانغان قوزىنىڭ بۆرگە ئايلىنىشى

ئىگىلىگەن مەلۇماتىمىزدىن قارىغاندا، خىروئىن چەككۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىروئىن ئەتكەسچىلىرىنىڭ مەقسەتلىك قىزىقتۇرۇشى ۋە ئالدىشى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش يولىغا كىرىپ قالىدىكەن. كېيىن ئاشۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىلغا ئوخشايدىغان خىروئىننى پۇلغا سېتىۋېلىپ چېكىپ، پۇللىرى تۈگىگەندىن كېيىن باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، خىروئىننى توپ ئېلىپ پارچە سېتىش ئارقىلىق، خىروئىن چەككۈچىدىن خىروئىن ئەتكەسچىسىگە ئايلىنىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر چاغلاردا باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ جىنايەت يولىغا ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىمۇ باشقىلارنى ئالداپ جىنايەت يولىغا سۆرەپ كىرىدىكەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «xxx شارابخانىسى» نىڭ خوجايىنلىرى- شەرقىي شىماللىق ياش ئاچا-سىڭىللار ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىلا يولدىن ئازغان بولۇپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خىروئىن چېكىشنىمۇ ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلار «xxx شارابخانىسى»نى ئۆزلىرىچە «يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش» ئۈچۈن ھەر قايسى يۇرتلاردىن ئۈرۈمچىگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ قالغان قىزلاردىن يەتتە-سەككىزنى مۇلازىمەتچىلىككە تاللىۋالغان. بۇ قىزلارنىڭ كىچىكلىرى 16-17 ياشلارغا، چوڭلىرى 27-28 ياشلارغا كىرگەن. ئۇقۇشىمىزچە، ئۇ قىزلارنىڭ ئىچىدە xxx شەھىرىدىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ قالغان بىر ئۇيغۇر قىزىمۇ بار ئىكەن. بۇ قىز ئىككى نۆۋەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆتەلمىگەن. كېيىن مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىن رەنجىپ قېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان. يول ئۈستىدىكى قونالغۇدا دادىسىدەك چوڭ بىر ئادەم تەرىپىدىن ئاياغ-ئاستى قىلىنىغان. ئۇ سۆيۈملۈك يۇرتىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىدا، «xxx شارابخانىسى»نىڭ خوجايىنلىرىغا ئۇچراپ قالغان. ئاخىرى ئۇ شارابخانىنىڭ مۇلازىمەتچىسى بولۇپ قالغان.

خوجايىنلار بۇ مۇلازىمەتچى قىزلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدىكەن، بىرەر قۇر چىرايلىق كىيىم كەيدۈرۈپ قويىدىكەن، لېكىن ئىش ھەققى بەرمەيدىكەن. مۇلازىمەتچى قىزلار ھاراقكەشلەرگە ئۇلپەت بولىدىكەن. ئۇلار بىلەن تانسا ئوينايدىكەن، بەزىدە خېرىدارلار بىلەن سىرتقا چىقىپ، كېچىنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ كېلىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتتا خېرىدارلار خوجايىنغا يەنە ئايرىم ھەق تۆلەيدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ مۇلازىمەتچى قىزلار خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خېرىدارلارنى ئالداپ يۈرۈپ، ئۇلارغا خىروئىن چەكتۈرىدىغان بولغان. ئۇلار خېرىدارلارغا قانچە كۆپ خىروئىن ساتالىسا، ئۇلارنىڭ خوجايىن بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدىن تاپىدىغان پايدىسى شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. پەقەت شۇ پۇللا ئۇلارنىڭ شەخسىي تاپاۋىتى ھېسابىغا ئۆتىدىكەن. خوجايىننىڭ كۈنلۈك تاپاۋىتى بىر نەچچە مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن. ئىلگىرى بۇ ئاچا-سىڭىل خوجايىنلار ۋە مۇلازىمەتچى قىزلار باشقىلارنىڭ

ئازدۇرۇشقا ۋە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇچرىغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلار باشقىلارنى ئازدۇرىدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولغان. ئۇلار باشقىلارغا قانچىلىك زىيانكەشلىك قىلغان، قانچىلىك جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر قانۇننىڭ توردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شارابخانىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ، مۇلازىمەتچىلىرىمۇ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلدى. شۇنداق قىلىپ، «××× شارابخانىسى» تاقىۋېتىلدى. بىراق ئۈرۈمچىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان «شارابخانا»لارنى يەنە يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرىتىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى نابۇت قىلىدىغان بۇنداق ئىللەتلەر سەزگۈ ئەزالىرى نورمال، ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە ۋىجدان ئىگىلىرىنى قاتتىق ئويغا سالماي، ئازابلىماي قالمايدۇ.

## گۇمراھلار قىسمىتى

مەن ئېغىر خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتىمەن، ئاشۇ ئەرۋاھلار ماكانىدىكى زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەمما خىرويىن خۇمارى تۇتقان چاغدا ئازابلىنىپ تولغىنىۋاتقان تىرىك ئەرۋاھلارنىڭ نالە-پەريادلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ياڭرىماقتا:

ئەنە، بىر چاغلاردا نەچچە مىليون يۈەننىڭ خوجايىنى بولغان چىرايلىق بىر چوكان ھازىر خىرويىننىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئارىسىدا ئەس-ھوشىدىن ئايرىلغان. ئەنە، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئاچلىقتىن كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرمەكتە، زېمىستان قىش كۈنلىرىدە ماگىزىنلارنىڭ پەلەمپەيلىرىدە ئۇخلاپ قېلىپ، توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

لېكىن ئانىچۇ، ئۇ ھېسسىياتسىز كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرماقتا. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خىرويىندىن ئىبارەت بۇ غەلىتە ھەم قورقۇنچلۇق نەرسە بىر ئانىنى — گۈزەل بىر ئايالنى مۇزدەك قەبرە تېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. قەبرە تېشىغا: بۇ ئايالنىڭ روھى تېنىدىن بۇرۇن بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى، دەپ يېزىلغان.

مانا، پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغان، بەدىنى خىرويىن تۈپەيلىدىن نابۇت بولۇپ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقان بىر تىرىك مۇردىنىڭ ساراڭنىڭ جۆيلىشىگىمۇ، جىنايەتچىنىڭ ئىقرارىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنۇ سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولدى:

... يېشىم چوڭىيىپ، جېنىمغا جان ئەتكەندەك بولغان ۋاقتىمدىن باشلاپ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. شۇنداق قىلىپ چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتتىم. پۇللىرىم كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. كېيىن شۇ پۇللىرىمنىڭ ئازراق بىر قىسمىغا پىكاپ سېتىۋالدىم. ھەر كۈنى دېگۈدەك ماشىنامغا دوستلىرىم بىلەن چىرايلىق قىزلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا غۇيۇلداپ چاپتىم. ھاياتلىق دېگەن مۇشۇ، دەپ بولۇشىغا ئوينىدىم. بىر چاغلاردا ئازراقلا پۇل ئۈچۈن زار - زار قاقشىغان ۋاقىتلىرىمنى ئەسلىسەم، چېنىم ئىچىمگە سىغماي قالاتتى. دېمىسىمۇ پۇلۇم بولغاندىن كېيىن ئەڭ كۆڭۈللۈك يەرلەردە ئويناالايتتىم. ئەڭ چىرايلىق قىزلارنى قولغا كەلتۈرەلەيتتىم. لېكىن ئادەم دېگەننىڭ زادىلا بىر نەرسىگە قانائەت قىلغۇسى كەلمەيدىكەن. مەن شۇنچە ئويناپ كۈلسەممۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆزۈمدە يەنە نېمىنىڭدۇر كەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ماڭا خىرويىن چەكتۈرۈپ قويدى. مانا شۇ چاغدا چۆلدەرەپ قالغان روھىمدا بىر خىل خاموش لەززەت پەيدا بولدى. كۆڭۈل ئېچىشلىرىمغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. بەزىدە كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان قىزلار نازلىنىپ

ماڭا قارىغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنداق قىزلارنىڭ كېلىدىن ئەپلەپ تۇرۇپ تىرناقتەك ئاقنى ئۆتكۈزۈۋەتسەم، ئۇلار ئىككى كۈنگە قالماي ئاققا خۇمار بولۇپ قالاتتى - دە، ئايىغىمغا يىقىلىپ: «ئاكا، خالىغىنىڭنى قىل، پەقەت مېنى مۇشۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرساڭلا بولدى...» دەپ يىغلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چېكىم ئاق ئۈچۈن ئۇلارنى يالىڭاچلاپ، ئانىدىن تۇغما ھالەتكە كەلتۈرۈپ خالىغىنىمنى قىلاتتىم. شۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ بىر ۋاقىتلاردىكى ھاكاۋۇرلۇقى، كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالغان ئەدەب - ئەخلاق، شەرمى-ھايا توغرىسىدىكى ۋاتىلداشلىرى بىر چېكىم ئاقنىڭ ئاستىدا يانچىلىپ، يەر بىلەن يەكسان بولاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى «بىر قېتىم چەكتۈرۈپ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قوي» دەپ ئارقامغا كىرىۋالىدىغان قىزلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مېنىڭ خرويىنغا بولغان ھەۋىسىم قىزلارغا بولغان ھەۋىسىمنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلار بىلەن خالىغانچە ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھۆججەت يازدۇرۇۋېلىپ، قەرز ھېسابىغا چەكتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاز دېگەندە ماڭا 6-7 مىڭ يۈەنگە قەرزدار، ئۇنداق پەردىزاتتەك ئۇماق قىزلارغا بىكارغا چەكتۈرۈپ قويساممۇ بولىۋېرەتتى. بىراق مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنىڭ چېكىدىغىنىنى تۈگەپ قالسا، يامان كۈنگە قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى ئويلىدىم. خۇمارى تۇتقان كىشى بىر چېكىم ئاقنى مىڭ يۈەنگە ئېلىشقىمۇ رازى بولىدۇ. شۇڭا مەن كېيىنكى كۈنلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار ھۆججەتكە «×× ئاكامدىن ×× يۈەن قەرز ئالدىم» دەپلا يازىدۇ. ئۇلار قانچە ياشلاردىكى، نېمە ئىش قىلىدىغان قىزلار دېدىڭىزما؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 15—16 ياشلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ پۇلى يوق، بىراق چىرايلىق كېيىنىشكە، تانسا - تاماشىلارغا ئۆتتەك قىزىقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم. ئۇلارغا دەسلەپتە ئازراق چەكتۈرۈپ قويساق، ئۇلار ھەممە خاپىچىلىقلىرىنى ئۇنۇتۇپ، ئۆزىنى تېزلا قوينىمىزغا ئاتىدۇ. بۇ نەرسىنى تۇنجى قېتىم چەككەندە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ لەززەتلىك سېزىم پەيدا بولىدۇ. بىر - ئىككى قېتىم چېكىپ خۇمار بولغاندىن كېيىن، ئۇنداق لەززەت مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا ھېلىقىدەك قىزلار پەقەت ۋۇجۇدىدىكى ئازابلىق سېزىملاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئالدىمىزغا كېلىپ يېلىنىدۇ. بىز دېگىنىڭىز كىملەر دېدىڭىزما؟ كىم بولماقچى دەيسىز، ماڭا ئوخشاش پۇلنى كۆپ تېپىپ، نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلمەي يۈرگەنلەر بولامدۇ. «پۇلۇڭ بولسا چاڭگالدا شورپا» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان - دە، پۇل بولسا، ھەممە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن.

ئويلاپ باقسام، خرويىن دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسىكەن، ئەگەر بىرەر ئادەمگە قەست قىلماقچى، ياكى رەقىبىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭغا بىر ئاماللارنى قىلىپ خرويىن چەكتۈرۈپ، ئۇنى خرويىنغا خۇمار قىلىپ قويساڭلا كۇپايە قىلىدىكەن. چۈنكى خرويىنغا خۇمار بولغان ئادەمدە بولىدىغان ئازابنى ھېچقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. دوزاخنىڭ ئازابىمۇ خرويىننىڭ خۇمارى تۇتقان چاغدىكى ئازابقا يەتمەس، دەپ ئويلايمەن. مەن خرويىننىڭ ئازابىنى بەك تولا تارتتىم. ئىقتىسادىم ۋەيران بولدى. تەن - سالامەتلىكىممۇ نابۇت بولدى...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاغزىدىلا قالدى. ئۇ بىردىنلا كىرپىكتەك تۈگۈلۈپ قالدى. خۇددى تولغاپ كېتىۋاتقاندەك تىترەشكە، ئاغزى - بۇرنىدىن شالى ئېقىشقا، يەردە دومىلاپ،

ئۆزىنىڭ بىلىكىنى چىشلەپ غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىرويىن خۇمارى تۇتتىمىكىن ياكى ئۆمرى ئاخىرلىشىپ جان تالىشىۋاتامدىكىن؟ ...

ئەنە، ئاۋۇ يىگىت كېسەل ئازابىدا تولغىنىۋاتقان ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قولىدىكى ئاخىرقى ئالتۇن ئۈزۈكىنى سوغۇرۇۋېلىپ، خىرويىن چەككىلى كېتىۋاتماقتا. ئەنە ئۇ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا خىرويىننىڭ ئىسلىرىنى شوراۋاتقان چاغدا، ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتقان ئانىسىنىڭ جان ئۈزگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پەرۋاسىز ھالدا قاراپ تۇرماقتا.

دوستۇم، سىز ئاۋۇ ئەسكى تامغا دۈمبىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغان، ئۇدۇل چىشلىرى ياي شەكلىدە ئۆپراپ كەتكەن (دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، خىرويىننىڭ ئىسى چىشنى ئېرىتىپ تاشلايدىكەن)، شاپتۇل قېقىدەك قورۇلغان، ئەينەك پارچىسىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، ئىسكىلىتتەك گەۋدىسى بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئۇ كىچىكىدە نەشە خۇمار دادىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ يوغان چىلىمىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئارىسىدا چوڭ بولغان ئىكەن. ئەشۇ ئىسنىڭ مەستخۇش ھىدىنى پۇراپ ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ. كېيىن ئۇمۇ دادىسىدىن ئەپيۇن، نەشە چېكىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئەقلى يېتىلگەندىن كېيىن ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىپتۇ. بىراق، ئۇ ئەشۇ خىرويىندىن ئىبارەت جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ قالغان كۈندىن باشلاپ، ئىنسانىي تەپەككۇرىدىنمۇ، مال - دۇنياسىدىنمۇ، سالامەتلىكىدىنمۇ ئاستا - ئاستا ئايرىلىشقا باشلاپتۇ. ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلاردىكى لەرزان مۇزىكىلارمۇ، ئېسىل ئىچىملىكلەرمۇ ۋە كۈنىگە ئالمىشىپ ئۇنىڭ قويىنىدا ياتىدىغان گۈزەل قىزلارمۇ ئۇنىڭ ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياشلىقىنى ساقلاپ قالالماپتۇ. ئېھتىمال ئۇ باغلام - باغلام پۇللارنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلىگەن، قانچىلىغان قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى بۇزۇپ ئۇلارنى خانىۋەيران قىلغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بولغىدى.

مەن كېتىۋاتىمەن. خىيالغا چۆمگەن ھالدا كېتىۋاتىمەن. خىرويىن خۇمارى تۇتقاندا چېكەلمەي ئازابلىنىۋاتقان ئەرۋاھلارغا بىر تەرەپتىن ئېچىنىپ، بىر تەرەپتىن نەپرەتلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى خىلۋەت كوچىغا يەنە كەلدىم. ھېلىقى تىرىك مۈردا يەنىلا ئاشۇ كونا تامنىڭ تۈۋىدە ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرماقتا. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىدىن توزۇغان چاڭ - توزانلارغىمۇ، ئۈستى بېشىغا تاسادىپىي تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان يۇندىلارغىمۇ پەرۋا قىلماي ئولتۇرماقتا. توۋا، ئۇ نېمىنى كۈتىدىغاندۇ؟ قانۇننىڭ جازاسىنىمۇ ياكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە كېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش خەلق ئارىسىغا جىنايەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچىنى غەزەپ يالقۇنىدا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشىنى كۈتىدىغاندۇ؟ ياكى ئۆلگەندىن

كېيىن ئۆز جەسىتىنىڭ خەرويىنغا خام ئەشيا قىلىنىشىنى كۈتەمدىغاندۇ؟

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەمدى مەن سىزگە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ياش بىر ئۇيغۇر ناخشىچىسىغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بېرەي:

«سالام × × ×، ياخشىمۇسىز!

مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئېھتىمال تولىمۇ ھەيران قېلىۋاتقانسىز. بىراق قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى سىزگە خەت يېزىشقا قىستىدى. مەن ئىنتايىن ئازابلانغان ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالدا سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. سىزنىڭ خېتىمگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىز مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز.

مېنىڭ ئىسىم-شەرىپىمنى بىلمىسىڭىزمۇ بولار، مېنى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپلا چۈشىنىپ قالسىڭىز بولىدۇ.

گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن سىزگە ۋە سىزگە ئوخشاپ قالغانلارغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. نېمىشقا؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: سىز خەرويىننىڭ قويۇق ئىس-تۈتەكلىرى ئىچىدە ئۆزلۈكىڭىزدىن يوقاپ كېتىۋاتىسىز، ۋەيران بولۇۋاتىسىز. بۇنىڭغا كىممۇ ئېچىنمىسۇن؟! سىزنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن ئۆزلۈكسىز ياڭراپ تۇرىدىغان ناخشىلىرىڭىز ھازىر ھېچكىمنى بۇرۇنقىدەك جەلپ قىلالمايدىغان، ھۆرمەتلىك ناملىرىڭىزمۇ ئانچە يادلانمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى كىمدىن كۆرىسىز؟ ئادەملەردىنمۇ؟ ياق! بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى ئۆزىڭىز. سىزنىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق بىمەنە، تۇتۇرۇقسىز تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قالغىنىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئېھتىمال، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ تازا ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىسىڭىز كېرەك.

سىز كىشىلەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن سازەندە ئىدىڭىز، ناخشا چولپىنى ئىدىڭىز. ناخشىڭىزنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ سىزنى بىر كۆرگۈسى كېلەتتى. بىراق ھازىر سىز كىشىلەر يىرگىنىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالدىڭىز. مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلىڭىزدە ئازراق بولسىمۇ خىجىللىق، ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا بولىدىمۇ؟ سىز يەنە كۆكرىكىڭىزنى كېرىپ، ئىلگىرى سىزنى ھۆرمەتلىگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتەلەمسىز؟ ئۇلارغا مەردانىلىق بىلەن قارىيالامسىز؟

ئارگېنتىنالىق بىر پۇتبول چولپىنىنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىسىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك. بۇ چولپاننىڭ ئىسمى ماردونا. ئۇ كۆپ قېتىملىق دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقان. شۇ سەۋەبلىك ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق شەخسكە ئايلانغان ئىدى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇ ئارگېنتىنا خەلقىلا ئەمەس، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى خەلقى نەپرەتلىنىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سەۋەبى بىرلا. ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش خەرويىن چەككۈچى.

مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. بۇنى مەن باشتىلا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. مەن سىزگە خەت يېزىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتا يىغلىۋېتىشكە ئازلا قالدىم. بىزنىڭ روھىمىز شۇنچە گاداي، قەلبىمىز شۇنچە قۇرۇقمىدۇ؟ مېڭىمىز مىللەتنى، ئانا ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى ئويلاش

ئېتىقادىڭىزنى يوقاتقانمىدۇ؟ سىز ئەسلىدە ئۆز ناخشىڭىز ئارقىلىق كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق بەرگۈچى ئىدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىڭىز زادى نېمە؟ سىز بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئالدى - كەينىڭىزگە قاراپ بېقىڭ. ئازراق باش قاتۇرۇپ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. بەلكىم شۇ چاغدا كۆز قارىچۇقىڭىزدىكى كىرلەرنى يۇيۇۋېتىپ، قەلبىڭىزنى تازىلارسىز...

سىزگە ناتونۇش بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن».


ئوقۇرمەن، سىز بۇ خەتتىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟بۇ خەتتىكى سەممىي سۆزلەر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يۈرەك ساداسى ئەمەسمۇ؟!

## خاتىمە

ئەدەبىي ئاخباراتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا يۈرىكىمنى قايغۇ - ھەسرەت چىرماپ ئۆتكەندەك بولدى. ھەممە نەرسە كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ نەرسىلەر مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن شۇنچە زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ياخشىلىق ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدۇ. ھەممىلا ئادەمنى مېھرى - مۇھەببەتكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ئەسلىدىنلا مۇھەببەتكە تولغان. لېكىن يامانلىقچۇ؟ ئۇمۇ قاپقارا قاناتلىرىنى كېرىپ ئەتراپىمىزدىلا ئەگىپ يۈرىدۇ. مەن مانا مۇشۇ يامانلىق ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتىم. مەن بۇ ئارقىلىق بارلىق يامانلىقلارنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىشكە ئىرادە باغلىغىنىممۇ يوق. بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن پەقەت خىرويىننىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان خامۇش كۆزلەرنى كۆرگىنىم ئۈچۈن، ئائىلىسى خانىۋەيران بولغان ئانا ۋە بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالىلىرى يۈرىكىمنى لەرزىگە كەلتۈرگىنى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ۋەتەننىڭ نومۇسلۇق ياشلىرى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇزارلىرى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تاجاۋۇز-چىلارنىڭ تۆمۈر ئاياغلىرى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولغىنى ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ئاشۇ دەسلەپكى يىللاردا دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش كۈرىشىنىڭ ئۇتۇقلىرى قەلبىمنى ھاياجانغا سېلىپ، ۋۇجۇدۇمغا ئۈمىد ئىلھاملىرى بېغىشلىغىنى ئۈچۈن... ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يازغانلىرىمدا ئىس - تۈتەك ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرگەن ئادەملەرگە بولغان ئېچىنىشىم، كەلگۈسىگە بولغان ئەندىشەم ۋە بۇ مۇقەددەس زېمىندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم بار.

چۆچەكلەر ھەمىشە «بۇرۇنقى زاماندا...» دەپ باشلىنىدۇ. لېكىن مېنىڭ بۇ يازغانلىرىم ھەرگىز چۆچەك ئەمەس...



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## 1. مۇقەددىمە

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى پۈتكۈل بۇددا سەنئىتى تارىخىدا، بولۇپمۇ پۈتكۈل رەڭدار تام رەسىملىرى (پانئورىما) تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەسۋىرى سەنئەت تارىخىدىكى ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىق، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئۆزىگە خاس سىستېما ھاسىل قىلغان بەدىئىي مۆجىزە.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى تام رەسىملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى،



رەسساملىق سەنئىتى، خەتتاتلىق سەنئىتى، مۇھىت سەنئىتى قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرگەن مۇرەككەپ قۇرۇلما ۋە مۇجەسسەم گەۋدە بولۇپ، ئۇ گۈللەنگەن زامانلاردا كۆلىمى چوڭ، ۋاقتى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ خىل، بەدىئىي قىممىتى ئۈستۈن، تەسىرى ۋە داڭقى زور بولغان سەنئەت قەسىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كۈسەن تاشكېمىرلىرى ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلغان سەنئەت گۆھىرى سۈپىتىدە شىنجاڭ تاشكېمىر تۈركۈملىرى ئىچىدە نەمۇنىلىك ئورۇن تۇتقان ئىدى. مىڭ يىللاردىن بېرى ئىستىخىيىلىك تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي بۇزغۇنچىلىقلار، ئەڭ ئاخىردا چەت ئەل قېدىرغۇچىلىرىنىڭ بۇلاپ كېتىشى تۈپەيلى، بۇ ئېسىل سەنئەت پاۋىلىئونلىرى خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئېسىل سەنئەت بويۇملىرى كىشىنى مەڭگۈ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىستېتىك قىممەت مەڭگۈ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ، كۈسەن سەنئەتكارلىرى، بولۇپمۇ كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭنىڭ ماددىيلاشقان گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت.

دەر ھەقىقەت، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان كۈسەننىڭ رەسساملىرى بىر پۈتۈن رەسساملىق ئىستېتىكىغا كىتابى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ، كۈسەن رەسساملىرىنىڭ بىر گەۋدىگە مەركەزلەشكەن بىر پۈتۈن ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان تەسۋىرى ئابىدىسى بولغان كۈسەن تاشكېمىر سەنئىتىدىن ئىبارەتتۇر.

## 2. بەشنى گەۋدىلەندۈرۈش

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى ئومۇمەن، قەدىمكى غەربىي دىيار تەسۋىرى سەنئىتى ئەنئەنىلىرى راۋاجى ئۈستىگە چۆكمە ھاسىل قىلغان، ھىندىستان بۇددا سەنئىتى تەسىرىدە شەكىللەنگەن، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۇ جايلاردا داۋاملىق راۋاجلانغان بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەكس تەسىرىدە ئۆز ھۆسنىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، يەنە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن بىر خىل دىنىي سەنئەتتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى خۇسۇسەن ھەيكەلتىراشلىق بىلەن تام رەسىملىرى مۇناسىۋىتىدە تام رەسىملىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن، دىنىي سەنئەتتىكى دىن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدە سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرگەن، تەقلىدىي ئەكس ئېتىش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرگەن، تەسۋىرى سەنئەت ئوبرازلىرى نىسبىتىدە ئادەم ئوبرازى ۋە بەدەن سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن، چەتنىڭ ئېتنىك ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن مەھەللىي ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ بەشنى گەۋدىلەندۈرۈش كۈسەن (جۈملىدىن پۈتۈن غەربىي دىيار) رەسساملىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا يۈكسەك مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئىستېتىك ئاڭغا ئىگە، تەپەككۇر قىلىشنى تەقلىد قىلىشتىن ئەلا بىلگەن سەنئەت ئىجادچىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، شەرتلىك مەنىدە بۇ «بەش گەۋدىلەندۈرۈش»نى كۈسەن رەسساملىرىنىڭ ئورتاق ئىستېتىك پرىنسىپى دېيىش


مۇمكىن. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، بۇ «بەش گەۋدىلەندۈرۈش» يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان غەربىي دىيار سەنئەت - مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق، سىنكرېتىك مەدەنىيەتكە قارىتا قوللانغان ئۆز - ئۆزىگە ئىگە تۈپ قارىشىنىڭ دىنىي سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. فرانسىيە رەسسامى كوربېت توغرا ئېيتقاندۇ: «گۈزەللىكنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى سەنئەتكار ئېرىشكەن تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن توغرا تاناسىپتۇر». بىز بۇ سۆزنى چارلى بائودېلائېرنىڭ: «دۇنيا بىر پارچە لۇغەتتۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى ئاجىز كىشىلەر پەقەت لۇغەتتىن كۆچۈرۈش بىلەنلا مەشغۇل بولۇشىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن قايتا قەيت قىلساق، كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ھەقىقەتەن دەۋر تەلپۈنۈشلىرىنى ئىگىلىگەن، تەپەككۇر ئىقتىداردا يۈكسەك كامالەت ساھىبى بولۇشقانلىقىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلىمىز.

### 3. رەسساملىقنى گەۋدىلەندۈرۈش


كۇسەن رەسساملىرى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بىلەن تام رەسىملىرى مۇناسىۋىتىدە تام رەسىملىرى رەسساملىق سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز ھىندىستاندا ئاپىردە بولغان بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتى مەنبە ۋە ئېقىملىرىغا نەزەر سالساق، مەيلى قەندەھار ئارقىلىق غەربىي دىيار - ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك - چاۋشيەن - ياپونىيىگە تارقالغان بۇددا دىنىي سەنئەت قەسىرلىرى بولسۇن، مەيلى سىرىلانكا - تايلاند - ھىندونېزىيە - ھىندىچىنىغا تارقالغان بۇددا دىنىي سەنئىتى قەسىرلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن غەربىي دىيار (جۈملىدىن دۇڭخۇاڭ) بۇددا دىنىي سەنئەت قەسىرلىرى بولغان تاشكېمىرلەردەك تام رەسساملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مىسلىسىز، بىقىياس مۆجىزە ياراتقان ئىككىنچى ئۆلكىنى تېپىش قىيىن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردىكى بۇددا ئىبادەتگاھلىرى بىلەن بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرىدا ھەشەمەتلىك بۇددىھا ۋە بودىساتۋا ئىكونلىرى (بۇت ھەيكەللىرى) گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، تام رەسىملىرى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، ھەتتا سىزىلمىغان. ئېيتىش كېرەككى، ئومۇمەن ئايىرتام، پەنجىكەنت، بەرەھشاھ، ئەپراسىياپ، دەندان ئۆيلۈك، كونانىيە، ئۈچما راۋان، دۆلدۆل ئوقۇر، سۇ بېشى، سىمسىم، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق - شىكشىن، روران (كىروران)، مىران، تۇيۇق، سىڭگىم، يارغول، ئىدىقۇت (قۇجۇ)، بېزەكلىك قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان قەسىر، ئېھرام، مۇنار، تاشكېمىر ئىستىقامەتگاھلىرىنىڭ تاملىرى، خۇسۇسەن كۇسەن، شورچۇق، قۇجۇ تاشكېمىرلىرىنىڭ تام - تورۇسلىرى يىپەك يولىدا تەڭداشسىز تام رەسىملىرىنىڭ ئۇلۇغ پاۋىليون تىزىمىسىغا ئايلانغان. تام رەسىمچىلىكى ئىلاھىي ھەيكەللەر بىنا قىلىشقا قارىغاندا، غەربىي دىيار رەسساملىرىغا تەسەۋۋۇرى سەنئەت ئىجادىيىتىدە بىقىياس زور مۇمكىنلىك يارىتىپ بەرگەن.

كۇسەن رەسساملىرى ئۆز ئىجادىيىتىگە پلانىمېتىرىيىلىك بوشلۇق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرى بىناكارلىق سەنئىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. گەرچە ھازىر خارابىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەينى زامان كۇسەن تاشكېمىرلىرى جايلاشقان جايلارغا ئەقىل كۆزى بىلەن تەپسىلىي نەزەر

ئاغدۇرۇلغان بولساق، تاشكېمىر بىناكار-
لىق سەنئىتىدە مۇنداق تۆت نۇقتا گەۋدىلەن-
دۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز:



(1. روسىيەلىك ئولدېنبۇرگ سۈرەتكە ئالغان
بېزەكلىك 83 - كېمىرىنىڭ كۆرۈنۈشى)



(2. روسىيەلىك ئولدېنبۇرگ سۈرەتكە ئالغان
قارا شەھەر شىكشىن 5 - كېمىرىنىڭ كۆرۈ-
نۈشى)

بىرىنچى، پۈتكۈل ئىبادەتگاھ ۋە تاشكېمىر
ئىستىقامەتگاھلىرى گارمونىك بىر پۈتۈنلۈك
ھاسىل قىلغان. بىز مەيلى قىزىل، قۇمتۇرا،
سۇ بېشى بۇددا سەنئىتى بىناكارلىقىغا ياكى
شورچۇق، قوچو، بېزەكلىك بۇددا قەسىرلىرى
بىناكارلىقىغا نەزەر سالايلى، تۈز جايغا
سېلىنغان ئېھرام، باغ - ئارام، مۇنار (مورا-
ستۇپا)لار بىلەن تاغ بەللىرىگە قېزىلغان
تاشكېمىرلار ۋە بۇ تاشكېمىرلارنىڭ ئۆز ئارا
مۇناسىۋىتى، ھەر بىر تاشكېمىرنىڭ خانە مۇ-
ناسىۋىتى گارمونىك تەلەپ بويىچە بىر تەرەپ
قىلىنغان.

ئىككىنچى، ھەر قايسى تاشكېمىر تۈركۈم-
لىرى بىلەن ھەر بىر تاشكېمىر ئىچىگە ئورۇن-
لاشتۇرۇلغان بۇددا ھەيكەللىرى بىلەن تام
رەسىملىرى گارمونىيەلەشتۈرۈلگەن. شۇنى
ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇددا ساياھەتچىلىرىنىڭ



(3. تۇمشۇقتىن تېپىلغان ياغاچ بۇددا ھەيكى-
لىنىڭ باش قىسمى. رەڭدار. 5 - ئەسىر)

خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭدا بۇددىزم گۈللەنگەن، ھەتتا چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن زامانلاردا «بۇت يۆتكەش مۇراسىمى»، «بۇت يۇيۇش مۇراسىمى»غا قاتناشتۇرۇلغان غايەت زور بۇددىھا ھەيكەللىرى بولغان. شەھەر كوچىلىرىدا ئىبادەتخانىلارغا پاتمايدىغان زور ھەجىملىك بۇتلار بولغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 - 20 - يىللىرى چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى كۆپلىگەن تاشكېمىر بۇتلىرى بىلەن ئائىلە ئىكونلىرى - كىچىك تىپتىكى بۇددىھا، بۇتساتۋا ھەيكەللىرىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گەج، مىس، ئالتۇن،



(4. قوجودىن تېپىلغان بۇتساتۋا ياغاچ ھەيكىلى. رەڭلىك. 12 - ئەسىر)

ياغاچ ئويما ياكى قويما كىچىك ھەيكەللەر، ھەتتا ئۆلگەن راھىبنىڭ جەسەت كۆلىنى گەج - سېغىزغا ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ياكى مىس، ئالتۇن ھەيكەلچىلەر ئىچىگە بۇنداق جەسەت كۆلىنى قاچىلىغان ئىكونلار بولغان. بۇنداق بۇت ياساش سەنئىتىنىڭ بولغانلىقىغا قارىماي، كۆسەن رەسساملىرى ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، خەتتاتلىق، نەقىش - بېزەك سەنئەتلىرىنى يەنىلا تەسۋىرى رەسساملىق سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساسىدا گارمونىك ئورۇنلاشتۇرغان.



(5. شورچۇقتىن تېپىلغان مۇكەممەل بۇددىھالاي ھەيكىلى. رەڭدار. 7 - ئەسىر)

ئۈچىنچى، تام رەسىملىرىنىڭ ھەر بىر تاشكېمىردا ۋە ھەر قايسى تاشكېمىر تۈركۈملىرىدە تىماتىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەر قايسى سيۇژېتلارنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسخىدا كومپوزىتسىيىلەشتۇرۇلۇشى كۆسەن

رەسساملىرىنىڭ ئەنداز، قېلىپ ۋە نوقۇل تەقلىد قىلىشتىن ئازاد، مۇستەقىل بەدىئىي تەپەككۇر ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. مۇنداق مۇرەككەپ تېماتىك كارمۇنىيلەشتۈرۈش ماھارىتى كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭنىڭ ئۆزىگە خاس كامالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىز «يارالمىش ھېكايەتلىرى» بىلەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى» سيۇژىتىنىڭ پۈتۈن بۇددىزم سەنئەت سالونلىرىدىكى نۇسخىلىرىنى جۇملىدىن بۇلارنىڭ غەربىي دىيار، ھەتتا كۇسەندىكى نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا بۇ نۇقتىغا ئاپىرىدىن ئۇقۇملاي ۋە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.


(6. شورچۇقتىن تېپىلغان بىراھمان راھىب لاي ھەيكىلى. رەڭدار. 7 - نەسىر)

تۆتىنچى، كۇسەن رەسساملىرى تاشكېمىر-لارنىڭ تاغ ئىچىگە قېزىلغانلىقى، ئالدى ئارقا خانىلىق، ئۆدۈل - يان، ئاستى - ئۈستى، كېمىر تۈرۈس قاتارلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك تەبىئىي يورۇقلۇقنىڭ بۇ كېمىرخانىلىرى،


(7. شورچۇقتىن تېپىلغان بۇددىۋا لاي ھەيكىلى. رەڭدار. 7 - نەسىر)

تاملىرىغا ئوخشىمىغان چېچىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇددىزم ھېكايەت تېمىلىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك ماكان ئالاھىدىلىكى، ئالدى - كېيىنلىك زامان ئالاھىدىلىكىنى گارمۇنىيلەشتۈرۈپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا مۇناسىپ بوشلۇققا سىزىشقان. نەتىجىدە سامماۋى ئوبرازلار كېمىر تۈرۈسلارغا، ھاياتىي ۋەقەلەر يورۇق خانىلەرگە، نىرۋانا ئالەمت كۆرۈنۈشلەر غۇۋا خانىلەرگە تولىمۇ لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

### 4. سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۇسەن رەسساملىرى دىنىي سەنئەتتىكى دىن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدە سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ھەممىگە مەلۇم، دىن بىر خىل مەدەنىيەت

مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. دىن ـ غەيرىي ماددىي ئىلاھنى ئەقىدىنى يادرو قىلغان ۋە بۇ ئىلاھنى ئەقىدە بويىچە ھەر خىل پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي كۆز قاراشلارنى، ئېتىنىڭ ئادەت ۋە يۇسۇنىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. دىن ـ رېئال دۇنيا ۋە ئېتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىغان ئاڭ فورماتسىيەسىدىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك كارل ماركس: دىنىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى يوق، ئۇنىڭ مەزمۇنى رېئال دۇنيا، دېگەن ئىدى.

ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆز ئېتىقادىدا ئىپتىدائىي سەنئەتتىن كەڭ بەھرىمەن بولغان. بىر تەگرىلىك دىنلار، جۈملىدىن بۇددىزمۇ سەنئەت ۋاسىتىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. سەنئەت ـ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆز تۇرمۇشى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئوبرازلاشتۇرۇش سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىنسان روھىيىتىنىڭ تارىخىي راۋاجى، تارىخىي ھالىتىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. ھەقىقىي مەنىدە، سەنئەت تارىخى ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى، روھىي مەدەنىيەت تارىخىدىن باشقا نەرسە بولغان ئەمەس.


كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت جاۋاھىراتلىرى بىزگە كۇسەن رەسساملىرىنىڭ دىن بىلەن سەنئەتنىڭ نىسبىي قوش خاراكتېرىدىكى بىرىكمە تۈزۈلۈشىدىن ئاڭلىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئۇلار تەخمىنەن دىنىي مەزمۇنلار بىلەن بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ زىددىيىتى ۋە نىسبىي بىر گەۋدىگە گارمۇنىيەلەشكەنلىكىنى، دىنىي ئابستراكت چۈشەنچىلەر بىلەن كونكرېت ئوبرازلىق تەسۋىرى سەنئەتنىڭ دىنىي سەنئەتتە زىددىيەتنىڭ بىرلىكى شەكلىدە گەۋدىلەنگەنلىكىنى، سەنئەتنىڭ تارىخىي مەڭگۈلۈكىنى بىلگەن ياكى ھېس قىلغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، كۇسەن رەسساملىرى بۇددا دىنىي سەنئىتىدە، يەنىلا سەنئەتنى سەنئەت قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەن. ئۇلار گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى، شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرى، تەسۋىرى سەنئەت ئىجادىيىتى قائىدە، ئۇسلۇب، ۋاسىتىلىرىدە باشتىن ـ ئاياغ ئۆز زامانىسىغا كۆرە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىستېتىك ئاڭغا ئىگە بولغان. بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ سەنئەت ئۇسۇلى، سەنئەت ئۇسلۇبىدا يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

بىرىنچى، كومپوزىتسىيىلىك لايىھىلەشتە «رېتىملىك»، «نىسبەتدارلىق»، «سىممېترىكلىك»، «مەركەزدارلىق»، «ئەۋرىشىملىك»، «رېتىمدارلىق»، «گارمۇنىكلىق» قاتارلىق شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز مايائانىدىن تۇغۇلغان سىدىخارتخا (ساكيامۇنى)نىڭ يالىڭاچ رەسىمىدە گەۋدىلەنگەن شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ غەربىي ياۋروپا رېنېسسانىسى مەزگىلىدىكى مەشھۇر رەسساملار مىكرانجىرۇ، لىئوناردوداۋىنچى، رافائېل قاتارلىقلار خۇلاسىلىغان شەكىل ئىستېتىكىسى پرىنسىپلىرىغا ئوخشاش بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

كۇسەن رەسساملىرى ئادەم ئاناتومىيىسىدىن خەۋەردار بولغان. بىز غەربىي دىياردىن شىزاڭغا تەكلىپ قىلىنغان مەشھۇر تىبابەتشۇناس زانباشلاقىنىڭ «تىزىنىك بەدەن

ئۆلچەملىرى»، «جەسەتنىڭ تۈزۈلمىلىك سۈرىتى». قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. قىزىل 26 - كېمىرگا ساكيامۇنىنىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەك ھالەتتىكى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان رەسىمى ۋە كۆپلىگەن تام رەسىملىرىدە سۆڭەك، مۇسكۇل، تېرە ۋە بوغۇم - پەيلەرنىڭ تولىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.




(8. ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغىنى ئىپادىلىگەن تام رەسىم)

كۇسەن رەسساملىرىنى تۇرغۇنلۇقتا ھەرىكەتنى، ماكاندا زاماننى ئىپادىلەپ، كۆرۈش سەزگۈسى ئوبيېكتلىرىدىن ئاڭلاش سەزگۈسى ئۈنۈمىگىمۇ مۇيەسسەر قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەر يارىتىشقا مۇيەسسەر قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدەن تۈزۈلمىسى ئاساسىدا شەكىل گۈزەللىكى قانۇنلىرى گەۋدىلەنگەن كۆرۈنۈشلەرنى ماھىرلىق بىلەن، كومپوزىتسىيىلىك لايىھەلەشنى ئاڭلىق ئىگىلىگەنلىكىدىن بولغان.

ئىككىنچى، سىزىق تەسۋىرى ئۇسۇلىدا يېڭىلىق ياراتقان كۇسەن رەسساملىرى يورۇق - غۇۋالىق، يېقىن - يىراقلىق، ئويمانقويمانلىق، لەيلىمە - چۆكمىلىك قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ تام رەسىملىرىدە جانلىق، ستېرېئولۇق كۆرۈنمە ھاسىل قىلغان. ئۇلار بەدەن بىلەن كىيىم مۇناسىۋىتىدە يەنىلا بەدەننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن «تۆمۈر سىمچىلار ياتقۇزۇش» دەپ ئاتالغان ئىنچىكە ۋە قويۇق سىزىقچىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن تاشقىرى يەنە «بەدەنگە ھۆل كىيىم كەيدۈرۈش» دەپ ئاتالغان، كىيىمنى بەدەنگە چاپلاپ سىزىش ئارقىلىق، بەدەننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇ خىل غەربىي دىيارغا خاس رەسساملىق ئۇسۇلى كېيىنچە قەندىھار ھەيكەلتىراشلىقىدىمۇ قوللىنىلغان.

ئۈچىنچى، بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ۋە رەڭ بېرىش تېخنىكىسىدا لەيلىمە - چۆكمە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قاتلاملىق رەڭ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىز كۇسەن رەسساملىرىنىڭ مۇنداق رەڭ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەم بەدىنىنىمۇ، كىيىم - كېچەكنىمۇ، ئويما ھالەتنىمۇ، قويما ھالەتنىمۇ تەڭ گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. گەچ، گىل، كۆكتاش، يېشىل تاش، قىزىل سېغىز قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرىدىن «بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن» (لىكوك سۆزى) مۇنداق گۈزەل تام رەسىملىرىنى بونياد قىلىش كۇسەن





(9. قىزىل تام رەسىملىرىدىكى «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» بىلەن سىزىلغان ئۇسۇل كۆرۈنۈشلىرى)

رەسساملىرىغا يۈكسەك سەنئەت گۈزەللىكى قاراشلىرى رەھنىمالىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.


## 5. بەدىئىي ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۇسەن رەسساملىرى تەقلىدىي ئەكس ئېتىش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرگەن.


شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، سەنئەت، جۇملىدىن تەسۋىرىي سەنئەت رېئاللىقنى ياكى ئۆزىنىڭ سېيوژىتىنى ئەينەن، تەقلىدىي ئىنكاس قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ، ياكى سەنئەتكارنىڭ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە، قەدىمدە ۋە ھازىرقى كۈندە ئوخشىمىغان قاراشلار ئىپادىلەنگەن. ئومۇمەن، غەربىي ياۋروپادا چىنلىق، تەقلىدىيەت قارىشى، جۇڭگو (جۇملىدىن شەرق)دا مەنا ئىپادىلەش قارىشى ئۈستۈنلۈك ئېلىپ كەلگەن.

ئىنكاس قىلىش بىلەن ئىپادىلەشنىڭ بىر پۈتۈن كومپوزىتسىيىسىدە ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش، «ئۆزىدىكى نەرسە»گە تەقلىد قىلىش بىلەن «ئۆزىدىكى نەرسە»نى «بىز ئۈچۈن نەرسە» قىلىپ قايتا گەۋدىلەندۈرۈش مەركىزىي ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىكى قەدىمكى ئەنئەنە ئىدى. بىز «ئالتۇن-كۆمۈش تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبى» ماھىرلىرى بولغان سىك - ساكلار زامانىغا مەنسۇپ ھەر خىل مېتال نەقىش بۇيۇملىرىغا نەزەر سالساق، ھازىرقى غەربىي ياۋروپادا


باش كۆتۈرگەن ئىپادىچىلىك ئۇسلۇبىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000- يىللار ئالدى-



(10. تامغىلىقتىكى قىياغا سىزىلغان قۇياش تەڭرىسى)



(11. سكىف-ساكلار ئىشلىگەن توقا)



(12. تامغىلىق قىياسىغا چېكىلگەن قۇياش تەڭرىسى)

كەينىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئالما - ئاتا يېنىدىكى تامغىلىقتاش قىيا رەسىملىرىدە قۇياش باشلىق ئادەم، بۇقىغا چىقىۋالغان قۇياش باشلىق ئادەم، ئۆچكە- قويلارغا نۇر چېچىۋاتقان قۇياش باشلىق ئادەم كۆرۈنۈشى قۇياش ئىلاھىغا سىمۋول قىلىپ چېكىلگەن. ئالما - ئاتا يېنىدىكى



(13. كونا قورغاندىن تېپىلغان دۇبۇلغىدا چۈشۈرۈل- گەن ئارسلان تەسۋىرى)



(14. سىبىرىيىدىن تېپىلغان ئات بىلەن يولۋاسنىڭ تېلىشىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تاسما توقىسى)

كونا قورغاندىن 1969- يىلى تېپىلغان مىلا- دىدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىرگە ئائىت دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىم پۇتىسىغا تاغقا يۆلەنگەن ئارسلان قورساق قىسمىدىن ئارقىسىغا پۈكلەپ قايرىلغان كۆرۈنۈشتە، كەمەر توقىلىرىدىكى تۇلپارلارمۇ قورساق قىسمىدىن

ئارقىسىغا يۆگىلىپ قايرىلغان قىلىپ ياسالغان. ستەيىن خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تاپقان سەنئەتلىك ئىدىش سۇنۇق-



(15. يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال پېكورلار)



(16. ستەيىن خوتەندىن ئېلىپ كەتكەن، تاختىغا سىزىلغان رەسىم. ئاتلىق ۋە تۆگىلىك يولۇچىلار (كارۋانلار) قوللىرىدا مەي تولغان پىيالە تۇتۇشقان)

لىرىدىمۇ مەنىنى ئىپادىلەشتىكى شەكىل (قىياپەت)نى ئۆزگەرتمىش ئۇسۇلى كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادىنىڭ 1- ئەسىرىگە ئائىت بۇ خىل ساپال بويۇملار قاتارىدا ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەر مايمۇن قىياپىتىدىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ستەيىن يەنە دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تاپقان تاختىغا سىزىلغان ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىككى كارۋانچى يىراق سەپەرگە ماڭغانلىرىدا قوللىرىدا بىردىن كاسىگە مەي قۇيۇپ تۇتۇۋالغان قىلىپ



(17. قولىدا مەي قاچىسى تۇتقان ئەزىمەتنىڭ تەسۋىرى كۆرسىتىلگەن بالبال)

سىزىلغان. ۋەھالەنكى، رەسسام دىلكەشلىك، دوستلۇق قاتارلىق مەنىۋى مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، مەي قۇيۇلغان قاچىنى تۇتۇپ ئۇزۇن كارۋان سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش چىنلىقىغا سىغمىغان بولار ئىدى. بىز كۆپلىگەن بالبال (سىنتاش) ئوبرازلىرىدا قولىغا قەدەھ تۇتقان بىر خىل مەنىۋى - سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشنى ئۇچرىتىمىز.

ئەپراسىياپ قەسىرە تېمىغا سىزىلغان غەربىي دىيارلىق ئۈچ ئەلچى رەسىمىگە نەزەر سالساق، ئۇلار كەيگەن تونىنىڭ ئالدىغا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان پۇل - تەڭگە كۆرۈنۈشى، شىر - يولۋاس كۆرۈنۈشى، لېنتا چىشلىگەن قۇش كۆرۈنۈشى سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەر دوستلۇققا دوستلۇق بىلەن، سودىغا سودا ئالاقىلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز، ئەگەر دۈشمەنلىك يۈز بەرسە شىردەك ئېتىلىمىز، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ، قەدىمكي ساك - ماسسا- گېتلارنىڭ بىر پاقا، بىر قۇش قانىتى بىلەن بىر ساداقنى قوشنا دۆلەتكە ئەۋەتىپ، ئاسماندىن، دەريادىن كەلسەڭمۇ بەربىر ئوخشاش، سېنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭ ھالاكەتتىن ئىبارەت، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلىگىنى بىلەن ئوخشاش بولغان.

كۇسەن رەسساملىرى ھالەتنىڭ جىددىي- لىكىنى، ھېس - تۇيغۇ ئالاھىدىلىكىنى، تەپەككۇر مەنىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇبالىغىلەش، ئارقىسىغا پۈكلەپ سىزىش، دۈم كۆمتۈرۈپ سىزىش، ئادەمنى كىيىندۈرۈلمىگەن قىلىپ سىزىش، ئادەم ئوبرازلىرىنى چوڭ - كىچىك قىلىپ ئىشلەش، چىراي - تۇرقىنى پەۋقۇلئاددە مىمىكىلىق قىلىش ئارقىلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەن- دۈرۈش، تىراگېدىيىلىك - كومېدىيىلىك - ساتىرىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان.

بىز ساكيامۇنى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى سەككىز دۆلەت پادى- شاھلىرى تالىشىپ كۈچلۈك قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىنى جىددىي ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە تولغان ھالەتنى كۇسەن رەسساملىرى باشقا ئىپا- دىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشتىن تاشقىرى يەنە سېپىلنى دۈم قىلىپ، سېپىل كۈنگۈرلىرىنى يەر تەرەپكە قىلىپ سىزغانلىقىنى كۆرىمىز. ساكيامۇنى بۇددا دىنى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنى- ۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئاداشتۇرماقچى بولغان ئۈچ گۈزەل قىزنىڭ ساكيامۇنى كاراماتى بىلەن ئۈچ قېرى - ئاجىز ئايالغا ئايلىنىپ قالغانلىق ھېكايى- تىنى كۇسەن رەسساملىرى ساكيامۇنىنىڭ بەدەشقان قۇرۇپ بۇددا تەرغىباتى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشى ۋە بىر تەرەپتە ئۈچ قىز، ئىككىنچى تەرەپتە ئۈچ قېرى موماي ئوبرازىنى بېرىپ، بىر ماكاندىن ئىككى-



(18. قىزىل 13- كېمىرىدىغا سىزىلغان ئالەم ۋە بۇددىھا تەسۋىرىدىكى تامرەسىمى)

زامان ئۈنۈمى ھاسىل قىلىش بىلەن ھەلقىلىنغان. بىز قىزىل 8 ـ، 13 ـ كىمىرلىرىدا سىزىلغان ساكيامۇنىنىڭ ئانىدىن تۇغۇلغان تۇغما كۆرۈنۈشى چوڭقايتىپ بېرىلگەنلىكىنى، ساكيامۇنىنىڭ بەدەن كۆرۈنۈشىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا پۈتۈن كائىنات تەسۋىرى، ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدا بەشيۈز قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل ئىنسانىي پاكى ھايۋانىي شەكىلدە ئالەمگە كەلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن يارالمىش ھېكايىلىرى كۆرۈنۈشلىرى ئۈستىلەپ سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ، ھازىرقى زامان ئىپادىچىلىك ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ ھەيرەتتە قالىدىغان سەنئەت تەپەككۇرى ۋە ئىپادىلەش ھېكمىتىدىن ئىبارەت. چەتئەل ئالىملىرى «كوسمولوگىيىلىك تەسۋىر» دەپ ئاتىغان بۇ تام رەسىمى بۇددىزم دۇنيا قاراشلىرىدىكى «سانسارا» (ھاياتنىڭ تەكرارلىنىشى) ئەقىدىسىنى ساكيامۇنى يارالمىش ھېكايەتلىرىنى تېپىك ئۈلگە قىلىپ ئوبرازلاشتۇرغان. قىزىلدىن ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن قىزىل گىل رەڭدە بويالغان بىر ئايال ھەيكەلنىڭ ئىككى دولىسىدا ئىككى قىسقا قانىتى بار. ئىككى ئەمچىكى ئاستىدا ئىككى كۆزى بار. يېشان تەرەپتە بىر بۇرنى ئالاھىدە چىقىپ تۇرغان قىلىپ سىزىلغان. 7 ـ ئەسىرگە تەۋە بۇ كۈسەن يەرلىك ئاھالىسى قىياپىتىدىكى ئايال ھەيكىلى ئېھتىمالەم كۆرگۈچى ـ ئىشتىكۈچى «چارلام ئانا» (ئاۋالوكىسۋارا) نىڭ كۈسەن شەكلىدىكى ۋارىيانتى بولۇشى ئېھتىمال. كۈسەن سەنئەتكارلىرىڭ بۇ ھەيكەلنى ئىشلەشتە ئەڭ قەدىمكى تۇتېم ۋە شامان ئەپسانىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس. بۇنداق شەكىلدىن مەزمۇنىنى، قىياپىتىدىن خاراكتېرىنى، كومپوزىتسىيىدىن



(19. قىزىلدىن ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن، ئىپادىلەش شەكلى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن قىزىل رەڭدار ھەيكەل)

ماھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى چىندىي ئىزدىنىش، لايىھىلەش نەتىجىسى بولۇپ، مۇستەقىل ئىستېتىك تەپەككۇرسىز روياپقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 6 . بەدەن سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۈسەن رەسساملىرى تەسۋىردىي ئىپادىلەش كەسپى ئەھلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەڭ ئېلىمېنتار ئىستېتىك قائىدىنى بارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ، جۈملىدىن تەسۋىردىي سەنئەتنىڭ مەركىزدي ئىپادىلەش ھالقىسى ئىنسان، ئىنساننىي گۈزەللىك، جۈملىدىن ئىنسان بەدەن گۈزەللىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشى تەبىئىي ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۈسەن رەسساملىرى بەدەن


سەنئىتى ئاساسىي قائىدىلەردىن خەۋەردارلا ئەمەس، بۇ جەھەتتە قەدىمكىي گرېك ‑ رىم، قەندىھار ‑ باميان رەسساملىرىدىن خېلىلا ئۆزۈپ كەتكەنلىكى بارغانسېرى جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلىۋاتقان تارىخىي پاكىتتۇر.

ئېھتىمالەم، بۇددا ئېتىقادەتچىلىكى دېھيانا تەلەپلىرى بويىچە بېكسون تالىپلارنى سەزگۈ جەھەتتە گۈزەللىك ھېسسىياتلىرىنى ئۇلتۇرۇش مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىنسانىي بەدەن گۈزەللىكىنى كەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر بۇددىزمىدا «قاچىغ»، «ئوغرى قاچىغلار» دەپ قارىلىپ ئاتالغان سەزگۈ ‑ ھېسسىياتقا پەسەنت قىلماسلىق ساكيامۇنى تەرجىمىھالى (قىسسەتلىرى) دا تەكرار تىلغا ئېلىنغان ئۈلگە كۆرسىتىپ تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ھېسابلانغان. كۇسەن رەسساملىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان، بۇ ھەقتە بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش بەيگىسى ياكى تىرىبۇنىغا ئايلانغان. كۇسەن رەسساملىرى نەزەرىدە سەنئەتنىڭ جېنى گۈزەللىك، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي ھالقىسى بەدەن گۈزەللىكى دېگەن ئادەتتىكى ئىستېتىك ئاڭنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە دىنىي سەنئەتتىكى «قاچىغ تەربىيىسىنى كەۋدىلەندۈرۈش»، بەدەن سەنئىتىنى كەۋدىلەندۈرۈش بىلەن گارمونىيىلىشىش ھاسىل قىلغان.

كۇسەن رەسساملىرى يەنە ساكيامۇنى، ئۇنىڭ ئانىسى مايا خېنىم، ساكيامۇنىنىڭ ئايالى ۋە كېنىزەكلىرىنى، ساماۋى مۇئەككەللەرنى ئەجايىپ، پائال جەھەتتىن گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇلار «مۇقەددەسلىك ئەلۋەتتە گۈزەللىك» دېگەن قائىدىنى ئاڭلىق چۈشەنەتتى. نەتىجىدە كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بۇددىھا، بودىساتۋا، مۇئەككەللەر ئوبرازلىرى گۈزەللەشتۈرۈپ سىزىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ياسالغان.

ياڭاچ ۋە يېرىم ياڭاچ سىزىش غەربىي دىيار تەسۋىرى سەنئىتىدە قىيا رەسىملىرى دەۋرىدىلا ئىپتىدائىي ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇ، گرېك ياڭاچ ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى تەسىرىدە كىلاسسىك شەكىلگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. كۇسەن رەسساملىرى «يارىلىش ھېكايىلىرى» نى، «بۇددىھا قىسسەلىرى» نى، ساماۋى ئوبرازلارنى ئىپادىلىگەندە كۆپلىگەن ياڭاچ، يېرىم ياڭاچ بەدەن قىياپەتلىرىنى تولىمۇ ئۈنۈملۈك سىزىشتى. بۇ جەھەتتە «بۇددىھا قىسسەلىرى»، ساكيامۇنىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىنى سىزىش ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

كۇسەن رەسساملىرى «بۇددىھا قىسسەلىرى»نى سىزغاندا مۇھىمى ئۈچ تۈركۈمدىكى پېرسوناژلارنى ياڭاچ، يېرىم ياڭاچ ھالەتتە سىزغان. ئۇلار: ساكيامۇنى، ئۇنىڭ ئانىسى مايا خېنىم، ساكيامۇنىنىڭ ئايالى كۆپا ۋە كېنىزەك قىزلارنىڭ ئوبرازى؛ ساماۋى مالائىك ۋە ساماۋى ئۇسسۇلچى ‑ نەغمىچىلەرنىڭ ئوبرازى؛ ساكيامۇنىنى ئاداشتۇرماقچى بولغان ئالۋاستىلار، ئۇسسۇلچى قىزلار ئوبرازلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارغا قىزىل 99 ‑ كېمىردىكى ساكيامۇنىنىڭ مايا خېنىم بىقىنىدىن تۇغۇلغان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى؛ 76‑كېمىردىكى ئۈچ ئايال ئالۋاستىنىڭ



(20. «ياسودھارانىڭ چۈشى»)



(21. قىزىل 118-كېمەردە سىزىلغان «ھېكمەت ئاڭلاش» رەسىمى يالىڭاچ سىزىش ئۇسلۇبىدا سىزىلغان)


تەسلىم بولۇش كۆرۈنۈشى؛ 175 - كېمەردىكى شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش كۆرۈنۈشى؛ 110 - كېمەردىكى شاھزادىنىڭ ياسودھارا ۋە كېنىزەكلەر يالىڭاچ ئۇخلاپ ياتقان جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى؛ 38 - كېمەردىكى ساماۋى ئۇسسۇل-نەغمىچىلەر كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئېيتىش مۇمكىنكى، سىنتەيىن دەندان ئۆيلۈك ئىبادەتخانىسى خارابىسىدا ئۇچراتقان «قۇتلۇق ساماۋى خوتۇن» (لاكشمى-ئۇزتەگرى) ئوبرازى يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە گۈزەل سىزىلغان بولۇپ، ئۇنى ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەنگەن شۇ خىل ئوبراز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ رەسىمنىڭ يىپەك يولى رەسساملىق سەنئىتىدىكى خۇددى ۋىناستەك مىسلىسىز مۆجىزە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن.

كۆسەن رەسساملىرى يالغۇز يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلەش لازىم ھەم مۇمكىن بولغان كۆرۈنۈشلەرنى يالىڭاچ سىزىپ



(22. ستەيىن دەندان ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى تېمىدىن ئېلىپ كەتكەن لاكشمىنىڭ يالىڭاچ رەسىمى)

قالماستىن، يەنە يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان، كىيىندۈرۈلۈپ ئىپادىلەش لازىم بولغان كۆرۈنۈشلەرنى كىيىندۈرۈلمىگەن ھالەتتە سىزىپ، گرېك، قەندىھار رەسساملىرىدىن كۆپ ئۈزۈپ كەتتى. قىزىل 10 - كېمىرگا ساكيامۇنى مۇخلىسلىرىدىن ماگانخا پادىشاھ ئاجا تاساترۇرەپېقىسى بىلەن تەختتە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا ساكيامۇنىنىڭ قازا قىلىپ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقىنى يەتكۈزسە، ئۇلار ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن دەپ، ئۇلارنى باغقا يۇيۇنۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار سۇدىكى چېغىدا بۇ خەۋەرنى رەختكە سىزىلغان رەسىم بىلەن يەتكۈزمەك بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن مەشھۇر تام رەسىمى سىزىلغان. بۇ تام رەسىمى مۇشۇ سيۇژېت كىيىندۈرۈلگەن ھالەتتە سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن پەرقلىق ھالدا پادىشاھ ۋە ئايالى تەخت ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغان قىلىپ سىزىلغان.



(23. ئاجاتاساتر ئايالىسىنىڭ كىيىندۈرۈلمىگەن كۆرۈنۈشى)

## 7. ئېتنىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن

كۇسەن رەسساملىرى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدە سىرتتىن كىرگەن تەسىر بىلەن يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سىرتنىڭ مۇنەۋۋەر ئۇتۇقلىرىنى پائال قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزىگە خاس مەشھۇر «كۇسەن ئۇسلۇبى»نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ، يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا كۇسەن سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن، مۇستەقىل مىللىي ئالاھىدىلىككە پايدىلىق سىنكرېتىزملىق يۆنىلىشتە تۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى ۋە سەمەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز، مىللىي - مەھەللىي ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ غەربىي دىيار تاشكېمىرلىرىدا

گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، بۇ تاشكىلاتلاردىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئەت نەتىجىلىرىنى مۇتلەق مەنىدە ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى — «ئىپشىندىلىرى» (شاگىرت ئەپەندى شۇنداق قارىغان) دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا پۈتكۈل «غەربىي دىيار سەنئەت ئۇسلۇبى»، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك نامايەندىسى بولغان «كۇسەن ئۇسلۇبى» نى ئىنكار قىلغان بولىمىز. بۇددىزم سەنئىتىدىكى كونكرېت سېلىشتۇرما تەتقىقات بۇنداق ئىنكارچىلىق (نىگىلىزم) قارىشىنى ئىزچىل رەت قىلىدى. بىز، ئەكسىچە ھالدا «غەربىي دىيار سەنئەت ئۇسلۇبى»، «كۇسەن ئۇسلۇبى»نى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ چاغدا مىللىي - مەھەللىي ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تاشكىلىي بىناكارلىقى، ھەيكەللەرنىڭ قىياپەت ۋە جابدۇنۇش ئالاھىدىلىكى، تام رەسىملىرىنىڭ قىياپەت، كىيىنىش، كومپوزىتسىيىلىك ئورۇنلىشىش، رەڭ تاللاش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، ھەر خىل نەقىش، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلاردىكى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، دىنىي ۋە رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى ئېتنولوگىيىلىك بىردەكلىك قاتارلىقلارنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ سەنئەت جاۋاھىراتلىرى مەلۇم مەنىدە غەربىي دىيارچە، كۇسەنچە ئېتنولوگىيىلىك تىپىتىكى بۇددىزم سەنئىتىدىن ئىبارەت بولغان.

## 8. خاتىمە

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن ئىنساننىڭ ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئىدىيە، تەپەككۇر، غايىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئىجادىيەت ئېڭى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۆلچەملىرى، ئەنئەنىۋى ئىستېتىك غايە ئاساسىدا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگەن يېڭى (زامانىۋى ياكى سىرتتىن كىرگەن) ئىستېتىك ئىدىيىلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۈتۈنلەي ئىجادىيەت ئەنئەنىسى، ئىجادىيەت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي سەۋىيىسى بولمىغان ئەھۋالدا سىرتتىن كىرگەن ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مۇمكىنلىكى بولمايدۇ. روشەنكى، ھەر قانداق قوبۇل قىلىش ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۆزلەشتۈرەلەش ئىقتىدارى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

ئۇندىن باشقا، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ». مۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئىنسان مېڭىسىدە ئىستېتىك چۈشەنچىلەر، ئىستېتىك ئاڭ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي كۆرۈنۈشى سەنئەت ئىجادكارلىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭدىن ئىبارەت. روشەنكى، كۇسەن رەسساملىرى ئېتنىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيەت ئونىۋېرسالىزمى ئاساسىدا ئەينى زامان سەنئەت مۇنبەرىدە يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىستېتىك ئاڭغا ئىگە بولۇشقان. شۇ ئاساستا تەسۋىرى سەنئەت تارىخىدا قەدىمكى گرېتسىيە، ئەينى


زاماندىكى قەندىھار سەنئىتىدىن ھەر تەرەپتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان يېڭى ئېگىزلىك پەيدا قىلغان. بۇ، فرانسۇز شەرقشۇناس رېنې گروۇ ئۇستىنىڭ «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا (خەنزۇچە، 1965 - يىلى نەشرى، 59 - بەت) توختالغان: ئەگەر قەندىھار سەنئىتىنى بۇ خىل سەنئەت قەسىرىسىنىڭ تاشقى ئايۋىنى ھېسابلىساق، كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنى بۇ قەسىرنىڭ ئىچكى سارايخانىسى ھېسابلاش كېرەك، دېگەن تەلقىنىگە ئاساس بولغان ئىدى.

كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى جاۋاھىراتلىرى كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغان تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى بىلەن پەلسەپىلىك چۈشەنچىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار نوقۇل تەقلىدىيەتچىلەر ياكى ھىندىستان ناتوراليزمچىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىنساننىڭ گۈزەللىك، ئېتنىك تۇرمۇش گۈزەللىكى، سەنئەت گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاگلىق ماھىرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سەنئەت رېئاللىزملىق، سىمۋوللىزملىق، كلاسسىكىزملىق، ئىپادىچىلىك ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىرلىق گۆھەرگە ئايلانغان ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن ئىدى. بۇ خىل ئىستېتىك ئاڭ ئەينى زاماندا كۇسەن شەھەر — قەلئەلىرى ھاياتىدا، ناخشا - مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئوخشاش ئىپادىلەنگەن ۋە كۆپلىگەن زوقلانغۇچىلار تەرىپىدىن «ساماۋى سەنئەت» دەپ مەدھىيىلەنگەن.

كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭ گۈلچېچەكلىرى تەسۋىرى سەنئەت تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى قېزىش ۋە جارى قىلىشتا بىۋاسىتە نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

### پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «غەربىي رايون تەسۋىرى سەنئەت كۆرگەزمىسى» (ياپونىيە. توپلام)
2. «جەنۇبىي ئۆزبېكىستان ئاسار - ئەتىقىلىرى (ياپونىيە. توپلام)
3. ئانىموۋ قاتارلىقلار: «شەرق ئەللىرى سەنئەت تارىخى»
4. لىتۋىنىسكىي: «شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىنىڭ ئارخىتېكتورىيىسى» («قەدىمكىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق كىتاب. 81 - 124 - بەتلەر)
5. دىيومېزىل: «ئىسكىفلار ۋە نارتلار»
6. رودېنكو: «مەركىزىي ئالتاي ئاھالىسىنىڭ سكىف دەۋرىدىكى سەنئىتى»
7. پېتېرخوپكېرك: «يىپەك يولىدا ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»
8. پوگاچېنكوۋا. زېمىل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت ئوچېركى»
9. رېنې گرۇئۇست: «ھىندىستان مەدەنىيىتى»
10. تەن شەن شىن فۇ «ياپىلاقنىڭ رەسىملىك تارىخى»
11. «داگونېكسپېدىتسىيىسىنىڭ رەسىملىك توپلىمى» (1 - 2 - كىتاب)
12. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي ديار تاشكېمىر سەنئىتى»
13. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»






## هېكمەتلەر ۋە نەسىھەتلەر

△ ئەقىل ئىگىلىرىنى ئىككى ئىش ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىرسى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆز كەسپىگە قويمىسلىق، يەنە بىرسى، قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلەش.

△ گۈزەل ئەخلاق ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنى كۆپەيتىدۇ. سەۋرى - تاقەت مۇراد مەقسەدنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادالەت ۋە ئىنساب بىلەن ئىش بېجىرىش ھوقۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ.

△ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى خۇدانىڭ ئۆيى دەيدىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، دىلىنى رەنجىتىشنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ ئۆيىنى بۇزغانلىق ۋە خۇداغا ئازار قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

△ ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ يولىدىن چىقىشى ئۈچ خىل ئىللەتكە باغلىق. بىرىنچى، پادىشاھلارنىڭ يولىدىن چىقىشى زالىملىققا باغلىق. ئىككىنچى، ئالىملارنىڭ يولىدىن چىقىشى تەمە خورلۇققا باغلىق. ئۈچىنچى، كەمبەغەللەرنىڭ يولىدىن چىقىشى رىياغا باغلىق.

△ تۆت خىل سەۋەب ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ. بىرىنچى، كۆپ سانلىق دۈشمەن؛ ئىككىنچى، كۆپەيىپ كەتكەن قەرز؛ ئۈچىنچى، كۆپ بالا - چاقا؛ تۆتىنچى، ئۇرۇشقاق خوتۇن.

△ بىر دانىشمەن ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— بالام، ئابرويلۇق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، كەمتەر بول. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالماي دىسەڭ، يۈرۈش - تۇرۇشۇڭنى تۈزەت. قەدىر - قىممىتىم ئاشسۇن دىسەڭ، باشقىلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىل. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزۈڭگە دوست بولۇشىنى ئىزدىسەڭ، ئادەملەرگە قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن ئازار بەرمە. ئىززەت - ھۆرمەت ئىگىسى بولۇشنى خالىساڭ، مۇمكىنقەدەر مېلىڭنى نامراتلاردىن ئايىما. مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرمە. دىلىڭ رەنجىمەي، سەپرايىڭ ئۆرلەشنى خالىمىساڭ، جاھىل، رەزىل كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرمە. غەمسىز بولاي دىسەڭ، ھەسەتخور بولما. قايغۇ - ئەلەمدىن يىراق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە. ئەل - ئاغىنەڭنىڭ كۆپىيىشىنى



خالىساڭ، خۇشخۇي، شېرىن سۆزلۈك بول، ھېچكىمگە ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ساقلىما. سىرىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىساڭ، سىرىڭنى دوستۇڭغىمۇ ئېيتما، - دەپتۇ.

△ سەۋر - تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئاڭلىغان بولمىغۇر سۆزلەرگە، بېشىغا كەلگەن قايغۇ - ھەسرەتكە تاقەتسىزلىك قىلماي، چىدامىلىق بولۇشتۇر. سەۋر چانىلىق يولىنى تۇتقان ئادەم مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. قايغۇ - ھەسرەت قىلتىقىغا ئىلىنىپ قالغان كۆڭۈل سەۋر قولىدا ئازادلىققا ئېرىشىدۇ.

△ چېقىمچى ئادەمدىن ئېھتىيات قىل، چۈنكى چېقىمچىنىڭ بىر سائەتتە بۇزغان ئىشىنى بىر يىلدىمۇ تۈزەتكىلى بولمايدۇ.

△ فىساغورۇس (پىفاگور) مۇنداق دېگەن ئىكەن:

- بالا - قازادىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىسەڭ، مۇنۇ ئون ئىشنى ئېسىڭدە تۇت: ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشى بىلەن ئۇرۇشما؛ قوپال، جاھىل ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ تۇرما؛ ھەسەتخور بىلەن بىر توپتا بولما؛ نادان ئادەم بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ سىنالمىغان كىشى بىلەن دوستلاشما؛ يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ بېخىل ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ ئاياللار بىلەن بىر يەردە كۆپ ئولتۇرما؛ ئابرويىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىساڭ، قىزىققان، ھەسەتخور ئادەم بىلەن شاراب ئىچمە، سىرىڭنى بىرىنىسىگە دېمە.

△ بىرىدىگە ۋەدە بەرسەڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل، ئەقىللىق ئادەم قىلالىشىغا كۆزى يەتكەن ئىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ۋەدە بېرىپ قويۇپ ھۆددىسىدىن چىقالماي، رەسۋا بولۇشتىن يامان ئىش يوق.

△ تۆت ئىش ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ: (1) ئادەم ياراتماسلىق؛ (2) ھەسەتخورلۇق؛ (3) يالغانچىلىق؛ (4) گەپ توشۇش.

△ كىشىلەر ئارىستوتېلدىن:

- تەخسىر، نەغمە - كۈي ھەققىدە بىزگە بىرەر نەرسە ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ - دەپ سوراشتى.

- ئېيتىپ بېرەلەيمەن. نەغمە - كۈينىڭ شەرھى بەك ئۇزۇن، شەرتى بەك كۆپتۇر، ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئۈچتۇر. بىرى، ساز - كۈيلىرى گۈزەل، يېقىملىق، لەتىپ بولسۇن. يەنە بىرى، بېيىت - قوشاقلىرى، شېئىردىي تىلى تاتلىق، مەنىلىرى چوڭقۇر بولسۇن. ئۈچىنچى بىرى، كۈينى ئىجرا قىلغۇچى خۇشپېئىل، لەۋزى ئىسسىق، نازۇك ۋە غېرىب بولسۇن. ئەگەر ساز چالغۇچىنىڭ چىراي شەكلى كۆرۈمسىز بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا كۆرۈنمەي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىجرا قىلسۇن، تاۋۇشىنىڭ لەززىتىگە دەخلى يېتىپ قالمىسۇن.

△ پەسكەش ئادەم ئېھتىياج ئالدىدا ۋەدە قىلىپ، قانائەت ئالدىدا يۈز ئۆرۈيدۇ.

△ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا مۇنداق دېگەن ئىكەن:

- ئىنسانلار ئارىسىدا ئون خىسلەت باركى، ئۇ پۈتۈن بەخت - سائادەتنىڭ كانىدۇر. يەنى ھەقىقەت يولىدا راستچىل بولۇش؛ خەلققە نىسبەتەن ئىنساپلىق بولۇش؛ ئۆز نەپسىگە قارىتا قەھرى - غەزەپلىك بولۇش؛ بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش؛ چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك بولۇش؛ دوست - يارانلار ۋە ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن چىقىشقاق بولۇش؛ دۈشمەنگە قارىتا ئېغىر - بېسىق ۋە كەڭ قورساق بولۇش؛ يوقسۇللارغا قولى ئوچۇق بولۇش؛ بىلمىسىزلەرگە نەسىھەتچى بولۇش!!

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر



## مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

**ئامىنە ئابدۇرشىت، نەبى ئەيسا**

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرلىرى)

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 28- مارت «كوئېنلۇن» مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى ھەمدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا دادىللىق بىلەن يول ئېچىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. بولۇپمۇ ئۇزۇندىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئىشلەۋاتقان مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى جاپالىق مۇھىت، ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا ئۆز كەسپىنى بېرىلىپ ئىشلەپ، بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاشتەك روھىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، كادىرلار نازارىتى يىغىندا مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، كۇچا ناھىيىلىك كىنو شىركىتى قاتارلىق 107 ئورۇنغا ۋە قۇربان ئېيىز، سارىگۈل، جازى (داغۇر)، رەجەپ ھاشىم، مامۇت ئەلى، ئابلىز باقى قاتارلىق 88 كىشىگە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.



ئۈمىد ـ ياشىسۇن،
غەم ـ قاچىسۇن،

تەرەققى قىلمىساڭ
ھالاك بولىسەن.
ـ مۇستاپا كامال

ھەركىم دىل ئازاردۇر،
ھاياتى ئاھۇزاردۇر.
ـ پەرىدۇن ئەتتار

مۇھەممەت ئىمىن مۇھەممەتروزى يازغان



پەرھاد ئىبراھىم سىزمىلىرىدىن







جىلغا (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 3 - سان

《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1

ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

国内统一刊号：CN 65－1073/1

本刊代号：58－22　定价：伍角